بـسـمـلـلاهـر رەهـمـانـر رەهـم

ياخشلقى چەكسز، ئنئامى كۆپ ئاللاهنڭ ئسمى بلەن باشلايمەن

# رامزان يازملرى

www.yuzlen.net

مۇستافا ئسلامئوغلى

تەدبر نەشرياتى

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................................................ 1

1-باب رامزانغا كىرىۋاتىمىز ........................................ 5

رامزان ئىنسانىيەتكە بېرىلگەن ئىلاھى قەرزدۇر ........................ 5

ئاتاڭ تۇرغۇزۇش پۇرستى - يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان رامزان ............... 8

شەخسىيىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنى شەكىللەندۈرگۈچى رامزان ............. 12

رامزان مەشرەپ ئەمەس ........................................ 16

كەلدى يەنە گۈل مەۋسۇم ........................................ 21

رامزان بىر پۇرسەت ........................................ 26

شۇنداقتىمۇ يەنە خۇش كەلدىڭ ........................................ 30

خۇش كەلدىڭ، ئەمما تازا خۇش تاپالمىدىڭ! ........................ 34

2-باب رامزان شاھىتىم بولسۇن ........................................ 40

ئايلارنىڭ سۇلتانى كەلدى، كۆڭۈل سارىيىم خاراب ........................ 43

رامزان بىلەن كەيپى قاچقان شەيتانلار ........................................ 50

3-باب قۇرئان ئېيى رامىزان ........................... 54

ئى تالىب! قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن رامىزاننى قۇرئان بىلەن كۈتۈۋال! ........ 54

4-باب قۇرئان ئېيى رامىزان ........................... 66

قۇرئاننى يۈزەكى ئەمەس، يۈرىكىدىن چوڭقۇر چۈشىنىپ ئوقۇش ........... 66

رامىزان - قۇرئان ۋە پاكلىنىش ئېيى ........................... 70

قۇرئان ۋە رامىزان ........................... 73

قۇرئان ۋە رامىزان - 2 ........................... 81

قۇرئان ۋە رامىزان - 3 ........................... 85

قۇرئان ۋە رامىزان - 4 ........................... 90

5-باب روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتالىشلىق ........................... 94

ئى رامىزان، كەل بىزنى تۇت! ........................... 94

روزا تۇتۇش ئۆزىنى تىزگىنلەشتۇر ........................... 98

روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇش، روزا ئارقىلىق قەددىنى تىك تۇتۇشتۇر ........ 102

روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇش، روزىمۇ بېشىڭىزنى تىك تۇتىسۇن ............106

روزا - روھنىڭ غىزالىنىشى ........................111

6-باب روزىنىڭ كۈچى .............................126

روزا تۇتۇشنىڭ كۈچى .............................126

روزا ۋە ئىنفاق ..................................130

رەھمەت ۋە جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ..............134

رامىزانغا ھۆرمەت ................................138

ۋەخپە مەدەنىيىتى ................................142

7-باب ئېتىكاپ ....................................146

ئېتىكاپ: ھىرانى قايتىدىن باشتىن ئۆتكۈزۈش ..........146

8-باب : ئۆمۈرگە بەدەل كېچە- قەدىر كېچىسى ...........150

قەدىر كېچىسى ....................................150

ئۇ كېچە - ئوتتۇز مىڭ كۈندۈزگە تەڭ كېچە ..........155

9-باب بىر بايرام ئارزۇلايمەن .......................160

قەلەم بىلەن ئۆگەتكەننىڭ نامى بىلەن.....................160
كەمبەغەللــەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇش....................164
10-باب  بايرام يازمىلىرى............................169
شارابلىق روزا ياكى «تۈرك مۇسۇلمانلىقى»....................169
روزىدار  بىلەن رامىزاننىڭ سۆھبىتى........................173
ئۆمرى رامىزان بولغان كىشىنىڭ ئاخىرىتى ھېيت -بايرام بولىدۇ...........176

# كىرىش سۆز

## ئىمان ئەڭ بۈيۈك ئىمكاندۇر

مۆمكىن ئەمەس دەمسەن؟

بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ دوستۇم؟ ياراشمايدۇ ساڭا.

نېمىشقا خۇددى ئاللاھ يوقتەك گەپ قىلىسەن؟ بىلەمسەن، ئاللاھ يوقتەك گەپ قىلىش گۇناھتۇر.

ئاللاھ بار، ئاللاھغا ئىمان بار. ئىمان بولسا ئىمكان بار. ئاللاھ بار تۇرۇپ مۆمكىن ئەمەس دېيىشكە قانداقمۇ تىلىڭ باردۇ؟! ياكى بولمىسا سەن قىلغان ئىشلىرىڭغا ياردەمسىز كىرىشۋاتىسەن؟!

بىسمىللاھ دېيىش — مەن بۇ ئىشنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن »، «ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قىلىمەن » دېگەنلىكتۇر.

بىسمىللاھ دېيىش — مەن بۇ ئىشقا «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىرىشىمەن» دېگەنلىكتۇر.

بىسمىللاھ دېيىش — مەن بۇ ئىشتا «ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن» دېگەنلىكتۇر.

بىسمىللاھ دېيىش ـ ـ مەن بۇ ئىشنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئاللاھغا تاپشۇرىمەن» دېگەنلىكتۇر. مۆمكىن دېگىنىڭ نېمىكىن دوستۇم؟

ئەگەر ئىمكانى بولغانلار مال ـ دۇنياسىدىن تېخىمۇ كۆپ سەرپ قىلسا ئىدى، ئاللاھ يولىدا ئەڭ كۆپ بەرگەنلەر ئەڭ بايلار بولاتتى. ئەتراپىڭغا قاراپ باقساڭ ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن . . . قالغىنى شۇكى، ئىنسان

بولۇش، ئىمكانى بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئەقىل باھاسىز ئىمكانىيەتتۇر، سالامەتلىك بىر ئىمكاندۇر، ئىمان بولسا مىڭ ئىمكاندۇر . . .

يەنە، ئاللاھ چەكسىز ئىمكان ساھىبىدۇر. قۇرئان ئىمكاندۇر، رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ئىمكاندۇر، ناماز ئىمكاندۇر، روزا تۇتۇش ئىمكانىيەتتۇر . . . پۈتۈن بۇ ئىمكانىيەتلەردىن قانچىلىك پايدىلاندىڭ؟ مەسىلەن، ئاللاھنى بارلىق ئىمكانىيەتنىڭ ساھىبى دەپ ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

بالىلىرىڭ، ئائىلەڭ، ياشاۋاتقان زىمىن، تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاشقان ۋاقتىڭدا، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاشقان ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتىنىمۇ ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

ھىجرەتكە نىيەت قىلغان بولساڭ، سەۋرنىڭ ئىپتەكلىرىدە يۈرمە، چوققىسىغا چىق. چوققىسىغا، يەنى كۆچۈم تۈگىدى، « يا رەب! سەن ماڭا كۈپايە » نىدالىرى كۆتۈرۈلگەن پەللىگە چىق.

ئەگەر مەككىنىڭ ھەققىنى بەرگەن ۋە پۈتۈن ئىمكانلارنى تۈگەتكەن بولساڭ، يېڭى ئىمكانلارنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ يوللىرىغا قاراپ قەدەم باس. دۈشمەنلىرىڭ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن قورقما، رەببىڭ بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. ئەڭ بۈيۈك بولغان رەببىڭنىڭ ياردىمى بەندىسىنىڭ كۈچى تۈگىگەن يەردە ئاندىن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەر دەل سەۋرنىڭ چوققىسىدۇر.

قېنى تىرىش ۋە ياماش، يۇقىرىغا، تېخىمۇ يۇقىرىغا، ئەڭ يۈكسەك پەللىگە.

سەبىر چوققىسىدا نېمە بار؟

ئاللاھ ۋەدە قىلغان ياردەم بار.

ئاللاھ ۋەدە قىلغان ياردەم نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردە؟

چۈنكى ـ ئۇ يەر بەندىنىڭ تاقىتى تۈگىگەن نۇقتا. ئىلاھى ياردەم، بەندە «بەرداشلىق بېرەلمىدىم يا رەب!» دېگەن ۋاقىتتا كېلىدۇ. بۇ سۈننەتۇللاھتۇر، بۇ

ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر. پاراسەت، سۈننەتۇللاھ ئالدىمغا كەلسۇن، دەپ ساقلاش ئەمەس، ئۇنىڭغا ماسلىششتۇر. ئاللاھنىڭ بىرلىك ھەرىكىتىنىڭ سىرىنى يېشىشتۇر، ئىلاھى ھەرىكەتنىڭ سىرىغا چۆكۈپ ، نېمە قىلىش كېرەك بولسا شۇنى قىلىشتۇر.

ئەمسە، بۇ ئىش قانداق بولىدۇ؟

ئاسان دوستۇم، ـ بەك ئاسان بۇ فورمۇلانى ئۇنۇتما:

بۇرۇنقىلار نېمە بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولسا، كېيىنكىلەرمۇ ئوخشاش نەرسە بىلەن نىجات تاپىدۇ. پەيت ئۆزگىرىدۇ، زامان ئۆزگىرىدۇ، ماكان ئۆزگىرىدۇ، ئىمكان ئۆزگىرىدۇ، ئورگان ئۆزگىرىدۇ. پەقەت ئادەت ئۆزگەرمەيدۇ. ئەڭ ئەقەللىي ئاجىزلىقلىرى ۋە ياكى پەزىلەت نۇقتىسىدىن ئىنسان ئۆزگەرمەيدۇ.

دوستۇم، ئىنسان «ئىنساننىڭ قىممىتىنى» يادىدا چىڭ تۇتۇشى كېرەك. پەقەت بولمىغاندا كۆلۈپ ئەزالىرىدەك ھاياجان ۋە سۆيگۈ بىلەن؛ شىشخال ئاتقانلاردەك ئۈمىد ۋە ئارزۇ بىلەن؛ گېلىغىچە گۇناھلارغا پاتقانلاردەك جاسارەت ۋە جۈرئەت بىلەن چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئىنساننى ئەتىۋارلاش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش، توگەشكەن ئىنساننى قايتا يۆلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قەلبكە ئېچىلغان ئىشىكنى تېپىپ قېقىپ بېقىش، ئېچىلمايدۇ دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ، ۋاز كەچمەسلىك؛ كۈنلەپ، ھەپتىلەپ ھەتتا ئايلاپ ساقلاش كېرەك. ئەگەر ئىشىك ئېچىلسا، كەبىگە كىرگەندەك تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن، سۆيگۈنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بىلەن كىرىش كېرەك!

قەلبتىن قەلبلەرگە تۇتاشقان يوللارنىڭ خەرىتە ۋە كومپاسلىرىنىڭ ئورنىنى ۋەھىي ۋە قۇرئان ئېلىشى لازىم. قۇرلاردىكى ئايەتلەرگە قۇرلاردىكىلەرنى، ئۇرۇق بىلەن تۇپراقنى، گۆش بىلەن تىرناقنى، ئانا بىلەن ئەۋلادىنى، بۇلبۇل بىلەن گۈلنى ئۇچراشتۇرغاندەك ئۇچراشتۇرۇش زۆرۈر. قىلىشقا تېگىشلىك ئەسلى ئىش بۇ يولدا ھەرىكەت قىلىشتۇر. خۇددى قۇرئان شائىرى ئاكىفنىڭ ئېيتقىنىدەك:

ئاللاھقا يۈنەل، ئۇنىڭغا سېغىن ھېكمەتكە رام بول،
يول بولسا مۇشۇ يول، بىلمىدىم باشقا چىقار يول.
ئاللاھقا يۈنەل، غايەڭگە، تەۋپىقىڭگە ئۇلىشارسەن،
قۇرئانغا ئېسىلمىساڭ ئەگەر بەختسىز بولارسەن.

روزا تۇتقىن دوستۇم، روزا تۇتساڭ ئۆزۈڭنى تۇتقان بولىسەن. چۈنكى روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتۇشتۇر، ئۆزىنى قىممەتكە ئىگە قىلغانلىقتۇر.

ئۆمرۈڭنى رامىزان قىل دوستۇم، ئۆمرى رامىزان بولغاننىڭ ئاخىرەتلىكى بايرام بولىدۇ.

# 1ـ باب رامىزانغا كىرىۋاتىمىز

## رامىزان ئىنسانىيەتكە بېرىلگەن ئىلاھى قەرزدۇر

سىز رامىزاندىن نېمىنى كۈتكەن بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ئېرىشىسىز. رامىزاننى « غىزالىنىش ئېيى » دەپ قارايدىغانلار ئوزۇقلىنىدۇ. رامىزاننىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كېلىدىغىنى قىزىرىپ پىشقان نانلار، تاتلىق ـ تۇرۇملەر، گۆش گىردىلەر، گۆشلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق قارايدىغانلار رامىزاندىن سەمرىپ چىقىدۇ. رامىزانغا «پەرھىز تۇتۇش ئېيى» دەپ قارايدىغانلار ئورۇقلاش ئۈچۈن پەرھىز تۇتقان بولىدۇ. رامىزاننىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كېلىدىغىنى تېخىمۇ يېنىك ۋۇجۇد ، تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن بىر بەدەندۇر.

رامىزانغا مەشرەپ كۆزى بىلەن قارايدىغانلار، سايىۋەنلەر ئاستىدىكى كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرىدە ئوينىۋېلىش بىلەن رامىزاندىن بەھر ئالىدۇ. داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي، ئۇسۇل ـ تاماشا بىلەن كۈتۈۋېلىشقان رامىزاندىن ئاخىرىدا ئۇلارغا قالىدىغىنى ھۇزۇر ۋە ھالاۋەتتۇر.

رامىزانغا، قۇرئان ۋە ۋەھىي بىزگە ھەدىيە قىلغان ئىلاھى قەرز دەپ قارايدىغان بولساق، رامىزاننى «سۈپەتلىك ئىنسان» بولۇپ چىقىشىنىڭ تېپىلماس بىر پۇرسىتى دەپ ئەتىۋارلايمىز. سۈپەتلىك ئىنسان ـ ياتاق، ئاشخانا، ھاجەتخانا ۋە ئىشخانىغىلا باغلىنىپ قېلىشقا رازى بولمىغان ئىنساندۇر. باھاسى ئەمەس، قىممىتى بولغان ئىنساندۇر . . .

يۈرىكىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشايدىغان، ئەقلىنىڭ خاراب بولغان يېرىنى تۈزەيدىغان، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئېتىدىغان، ئېڭىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىدىغان، ئىرادىسىنىڭ

يوقاپ كەتكەن قىسمىنى تاپىدىغان، شەخسىيىتىنىڭ كەمتۈك بوپقالغان يەرلىرىنى تولۇقلايدىغان بىر پۇرسەتتۇر .

ئىنسان بۇ ـ «نىسيان»، يەنى «ئۇنۇتقاق مەخلۇق» تۇرىدۇر. ئۆزىنى، مەسئۇلىيىتىنى، ئورنىنى، قىممىتىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئىسلىشىدۇ، داتلىشىدۇ، كىرلىنىدۇ، شورلىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭمۇ يىللىق تەكشۈرۈشكە ئېھتىياجى بار. بولۇپمۇ ئېچىرقاپ كەتكەن روھلار تويغۇزۇلمىسا، مەنىۋى ئۆلۈملەر باشلىنىدۇ. ئىنسانغا قورسىقىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغۇچىلار ئېنىزىملار دۇر. ئاشقازىنىنىڭ بوش قالغانلىقىنىڭ خەۋىرى بۇ ئېنىزىملار ئارقىلىق مېڭىگە يەتكۈزۈلىدۇ . ئىنسانلار ئاچ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يەيدىغان نەرسە ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. لېكىن ئىنسان روھىنىڭ ئاچلىقىدىن، قورساق ئاچقانلىقىدەك ئوخشاي خەۋەردار بولالمايدۇ. چۈنكى روھنىڭ ئېنىزىملىرى يوق. كۆپىنچە ئىنسان روھىنىڭ ئاچلىقىدىن مەنىۋى ئۆلۈمىدە سەكراتقا چۈشكەن ھالىتىدىمۇ بىخەۋەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

قۇرئاننىڭ بىر تەبىرى باردۇر: « ئۇلار ( ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە ) گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان ( چىرىپ كەتكەن ) ياغاچلارغا ئوخشايدۇ » ( مۇنافىقۇن 4 ـ ئايەت). قۇرئان بۇ ئاتالغۇنى نىفاقتا ئوخشاش باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىچى بوش، تېشى ئىچىدىنمۇ قىممەتلىك ھالغا كېلىپ قالغان، تېرەككە ئوخشاش ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن ئىنسان تۈرلىرى ئۈچۈنمۇ قوللىنىدۇ. كىيىۋالغان كىيىملىرى ئۆزلىرىدىن قىممەتلىك بولغان كىشىلەر، ئىچىنى سېتىپ سىرتىغا يېگۈزۈپ ـ كىيگۈزگەن ئاتالمىش ئىنسانلاردۇر.

رامىزان دەل ئىنسان ئىچىنىڭ قۇرۇق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئىلاھى تەدبىرلەردىن پەقەتلا بىرىدۇر. ئىنسانلارغا بىر مۇددەت تاشقى دۇنياسىنى ئىچكى دۇنياسىنىڭ كەينىگە قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. روھى كۆتۈنۈشنىڭ جىسمانىي كۆتۈنۈشتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

رامىزان، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئىنسانغا ئىگە بولغان مال ـ دۇنيالىرىنىڭ ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىمتىھان ئۈچۈن بەرگەن ئامانىتى

ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ھەمبەھىرلىنىشنى بىلگەنلەر بۇ سىناقتىن ئۆتەلىگەنلەردۇر. كۆڭۈل ئىشىكىنى رامىزانغا ئاچقانلار، قولىنى ۋە ئىشىكىنىمۇ يوقسۇللارغا ئاچىدۇ.

بۇ نۇقتىلار نەزەردە تۇتۇلغاندا، رامىزان ئىنسانلارغا بېرىلگەن ئىلاھى قەرزدۇر. بۇ قەرزنى بەزىلەر خامان سورىغاندەك سوروپ، ئىسراپ قىلىپ خەجلەپ تۈگەتسە؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى ئېلىپ ھەسسىلەپ ئاشۇرىدىغان مەنىۋى سەرمايە قىلىپ پايدىلىنىدۇ. يوقسۇللاشقان ئىچكى دۇنياسىنى ئۇنىڭ بىلەن بېيىتىدۇ. كىملىكىنى ۋە كىشىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، تېخىمۇ مەزمۇت تۇرىدۇ. تۇيغۇ ۋە چۈشەنچە دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار، ھەر رامىزاننى جامائىتىنىڭ يارىسىنى تېپىش ئۇچۇن بىر سەپەرۋەرلىك زامانى دەپ، بىلىشى كېرەك. پەقەت ئاچ ۋە يالىڭاچلارنىڭ ياردىمىگىلا ئەمەس، دىن ۋە ئىمان جەھەتتىن نامراتلىشىپ كەتكەنلەرگىمۇ ياردەم قىلىش ئۇچۇن ئالدىرىشى كېرەك.

ئېتىقاد يوقسۇللۇقى، ماددىي يوقسۇللۇقتىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر سىز ئېتىقادتىن نامرات بولسىڭىز خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن ھەقسىز ياردەم ئالالىشىڭىز مۇمكىن. پەقەت دىن ۋە ئىمان يوقسۇللۇقىغا دۇچار بولغان بولسىڭىز، قايسى خەلقئارالىق ئورگاننىڭ ئىشىكىنى قاقىسىز؟

ئېتىقاد نامراتلىقىنى پەقەت ۋە پەقەت، ئىمان، ئەخلاق ۋە پەزىلەت بايلىقى بىلەنلا يەڭگىلى بولىدۇ. رامىزان دەل شۇ بايلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

# ئاڭ تۇرغۇزۇش پۇرستى - يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان رامىزان

ئون بىر ئاينىڭ كىرلىرى ئۇستىمىزدە. بۇ كىر، قول - پۇتنىڭ كىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنى يۇيساڭ كېتىدۇ. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ كىر، يۈرەك، زېھىن، ئەقلىنىڭ، ھەممىدىن بەك تەسەۋۋۇردا پەيدا بولغان كىردۇر.

چۈشەنچىمىزنىڭ، ئېڭىمىزنىڭ كىرلىشىپ كېتىشى، دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر كېسەللىكىدۇر. ئېڭى ۋە يۈركى كىرلەنگەن بىر ئىنسان، بۇ مەينەتچىلىكنى قولى تەگكەن ھەرنەرسىگە يۇقتۇرۇپ ئۆلگۈرىدۇ. سۆز، چۈشەنچە، تۇيغۇلارنى كىرلەشتۈرىدۇ. كىرلەشكەن زېھىن بىلەن قۇرئان ئوقۇسا، زېھنىدىكى مەينەتچىلىكنى ئۇنىڭغىمۇ يۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. ئىبادەت قىلسا تەمىنى تېتىيالمايدۇ. بۇ خۇددى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى تاماقنى ئەڭ پاسكىنا قاچىغا سېلىشقا ئوخشايدۇ.

ئەقىل ـ ئىدراك، قەلب ۋە تۇيغۇنىڭ بۇلغىنىشى كىرلەنگەن بىرەر ئورگىنىمىز پاكلانغاندەك ئاسانلىقچە پاكلانمايدۇ. بۇنىڭغا « سۇدا ھەممە نەرسە پاكلىنىدۇ » دەپ ئېيتالمايسىز. بۇ جىسمانىي كىرلىشىشكە قارىغاندا مىڭ ھەسسە ئېغىر بۇلغىنىشتۇر. بۇلغىنىش مەنىۋى جەھەتتىن بولغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ۋە ئەپچىل چارىسىمۇ مەنىۋى بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن ئىبادەتلەر ئىنساننى پاكلاش ئۈچۈن، ئۇنى ياراتقان ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. چۈنكى، ئۇ ئىنساننى ياراتقان، ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ، ئىنساننى ئىنساننىڭ ئۆزىدىنمۇ ئوبدان بىلىدۇ. قۇرئان ئېيتقاندەك: ئۇ ياراتقانلىرىنى بىلمەي قالارمۇ؟

ياراتقۇچى ئىنساننى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنى مەنىۋى كىر ۋە داتلىشىشتىن پاكلايدىغان رېتسىپنىمۇ، ئەڭ ياخشى شەكىلدە يازىدۇ. ۋەھىي، بۇ رېتسىپلاردىن تەشكىل تاپقان ئىلاھىي شىپاخانىدۇر.

ئىبادەتلەرنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس. ئۇلار ياراتقۇچى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئۇلۇغۋار مەقسەت ـ غايىلەر ئۈچۈن بىر ۋاستە . ھەر ئىبادەتنىڭ سەۋەبى،

غايىسى ۋە ھېكمىتى بار. پەقەت بۇ سەۋەب ، غايە ۋە ھېكمەت بەزىدە ئۇ ئىبادەتكە بۇيرۇغان ئايەتلەردە ناھايىتى روشەن قىلىپ پۈتۈلگەن بولسا؛ يەنە بەزىدە چوڭقۇر تەپەككۇر ۋە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش ئۇسۇلى بىلەن يەكۈن چىقارغاندىلا ئاندىن ئايان بولىدۇ.

روزا ئىبادىتىنىڭ مەقسىتى بىرىنچى تۈرگە تەۋە. روزا تۇتۇشنى بۇيرۇغان ئايەتنىڭ ئۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەي ئىمان ئېيتقۇچىلار! روزا سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى!». بۇ ئىلاھىي تەلىماتنىڭ ئارقىسىدىن، روزا ئىبادىتىنىڭ ئىنساندا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان مەقسىتى روشەن ھالدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

« لەئەللەكۇم تەتتەقۇن ـ ئۈمىد قىلىمىزكى! تەقۋالىقنى ئېرىشكەيسىلەر ... ».

ـ شۇنداق، روزىنىڭ مەقسىتى ، ئىنساندا «مەسئۇلىيەت ئېڭى» دېيىلگەن تەقۋالىقنى شەكىللەندۈرۈشتۇر.

ـ كىمگە، نېمىگە قارىتا مەسئۇلىيەت ئېڭى تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك؟

ئالدى بىلەن ئىنساندا ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ئېڭى تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان، مەخلۇقاتنىڭ تاجى، ئاللاھنىڭ شاھ ئەسىرى سۈپىتىدە مەلۇم بىر غايە ـ مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان. ئاللاھ سىزدىن سورايدۇ: « سىلەر بىزنى مەقسەت ـ غايىسىز ياراتتىڭ دەپ ئويلامسىلەر؟ ». شۇڭا، ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلىقىنىڭ غايىسىنى سورىشى، ئىزدىشى ۋە تېپىۋېلىش مەجبۇرىيىتى بار. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيىتى.

ئىنسان ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئاڭقىرىغاندىن كېيىن، ئاللاھقا بولغان مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئاڭقىرالايدۇ. مانا بۇنى بىز « تەقۋا » دەپ ئاتايمىز.

بۇ چۈشەنچە (ئاڭ) مېڭىگە يەرلەشكەندىن كېيىن، ئىنسان باشقا ئىنسانلارغا، تەبىئەتكە ۋە شەيئىلەرگە بولغان مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئىدراك قىلالايدۇ.

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، روزا تۇتۇش، ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئاجىزلاپ كەتكەن روھنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن روھنى تويغۇزۇش كېرەك. چۈنكى 11 ئاي بويىچە بەدەنگە سېلىنغان مەبلەغ، روھ، ئەقىل ۋە ئاڭنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئۇنىڭ گۆشى ۋە سۆڭىكى ئەمەس، ئىنسانلىق قىممىتىدۇر. ئۇ قىممەتلەرنىڭ كۈچلەندۈرۈلۈشى، ئوزۇقلاندۇرۇلىشى ۋە يۈكسىلىشىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ تولىمۇ مۇھىم نۇقتا.

ئىنسان ـ ئۆزىگە ئىنسانلىق سۈپەت بەخش ئەتكەن تەرەپلىرىنى ئوزۇقلاندۇرغان ۋاقىتتا، زۇلمەتتە قالغان كۆڭۈل ئالىمىدە قۇياش چىقىدۇ، ئەقلى يورۇيدۇ، ئىدراك ئالىمى يورۇشقا، كۆرمىگەن كۆڭۈل كۆزى كۆرۈشكە، كۆڭۈل قۇلىقى ئىشتىشكە، كۆڭۈل بۇرنى ھىدلاشقا باشلايدۇ.

بۇ مەنىۋى تەرەققىيات، ئىنسان ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە ئىنسان ئىبادىتى ئارقىلىق رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئىنسانغا خاس تەرىپىگە ئۇبۇدىيەت (بەندە بولۇش) جايلاشقان بولىدۇ. ئاللاھقا خاس بولغان تەرىپى رۇبۇبىيىيەت (رەبلىك) بولىدۇ. ئىنساندىن يۈكسەلگىنى دۇئا بولسا، ئاللاھتىن چۈشكىنى ئىجابەت بولىدۇ. ئىنساندىن ئۆرلىگىنى سوئال بولسا، ئاللاھتىن چۈشكىنى جاۋاب بولىدۇ. دەل جايىنى تاپالىغان ھەر بىر يۈكسىلىش «مىراج » بولىدۇ. تەبىئىيكى، بۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتى «نۇزۇل ( چۈشۈش، نازىل بولۇش )» دا يەر ئالىدۇ. مانا بۇ ۋەھىي، ئادەم بالىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ئاللاھنىڭ بەرگەن جاۋابى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ھىدايىتىنى چۈشۈرگەنلىكىنىڭ بىر نەتىجىسى.

ئەڭ ئاخىرقى ۋەھىي، مەككىدە ھىرا غارىدا بىر رامىزان كېچىسى نازىل بولۇشقا باشلىغان ئىدى. بىز مۇئمىنلەر ۋەھيىنىڭ تۇغۇلغان ئېيى بولغان شۇ رامىزاننى « ئايلار سۇلتانى» دەپ بىلىدۇق. چۈنكى ئۇ، «سۆزلەر سۇلتانى» بولغان ۋەھيىنىڭ ئادەم بالىلىرىنىڭ زۇلمەت باسقان قاراڭغۇ ئۇپۇقىنى يورۇتقان مۇبارەك

# 1 ـ باب رامىزانغا كىرىۋاتىمىز

ئاي. رامىزان ئەسلىدە قۇرئان ئېيى ۋە بۇ ئاي پۈتۈن شانۇ ـ شەۋكىتىنى ۋەھيىدىن ئالغان ئىدى.

رامىزان، قۇرئان بىلەن گىرەلىشىپ، پۈتۈنلىشىپ ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولىدىغان ئاي بولۇشى كېرەك. قۇرئان پەقەت قولىمىزدا ۋە تىلىمىزدىلا ئەمەس، يۈرىكىمىزدە، ئەقلىمىزدە، ھەممىدىن بەكرەك ھاياتىمىزدا ئورۇن ئېلىشى كېرەك.

قۇرئاننىڭ ھاياتىمىزدا ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن تەسەۋۋۇرىمىز، ئەقلىمىز ۋە كىشىلىكىمىزنى قۇرئان بىلەن قايتىدىن بەرپا قىلىش كېرەك. ئەسلىدىلا ئۇلۇغ بولغان قۇرئانى كەرىمنى، يەنىمۇ ئۇلۇغۋار قىلىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ساددىلىقنى تاشلاپ، قۇرئاننىڭ بىزنى ئۇلۇغۋار قىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ئىشنى قىلىشىمىز، ھېچ بولمىسا بۇ رامىزاندا بولسىمۇ «ئەي رەببىم! مەن، ماڭا ئەۋەتكەن خوش بېشارىتىڭنى ھازىرغىچە ئېچىپ ئوقۇپ بىر نەرسە چۈشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن، سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن!» دەپ قۇرئان ۋەھيىسى ئارقىلىق، ۋەيران بولغان ئىچ دۇنيايىمىزنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەھيىنىڭ نۇرىغا موھتاج بولغان باشقا ئىنسانلار ۋە تۇپراقلاردا، پەرىشان ۋە سولغان ئىماننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بولسىمۇ قىلىشىمىز كېرەك.

# شەخسىيىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنى شەكىللەندۈرگۈچى رامىزان

رامىزاننى مەدەنىيىتىمىزنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللاردىن بىرى دەپ بىلىمەن. رامىزان روزىسىنىڭ ھاياتىنىڭ ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قىلىپ تومۇرلىرىغىچە سىڭىپ كېتىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ كۈندىلىك ھاياتىمىزنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ھاياتنى ئوربىتىسىدا ئايلاندۇرىدۇ. يەپ ـ ئىچىشتىن ئىبارەت ئەڭ نورمال بەشەرى ئېھتىياجىمىزنى بىر مەزگىل تەرتىپكە سالغان رامىزاننىڭ، ھاياتىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال.

بۇ مۇبارەك ئاينىڭ مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە قالدۇرغان ئىزى شۇنچە چوڭقۇر بولۇپ، جەمئىيەتتىكى دىنغا يىراقتىن قارايدىغان، سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قېلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. رامىزان ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا بىر شەكىلدە سىڭىپ كىرىدۇ. بەزىلەرگە تومۇرلىرىدىن كىرسە، بەزىلەرگە ئاشقازىنىدىن كىرىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا كىرىدۇ ۋە «مەن كەلدىم!» دەپ ئۆزىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

كۇفرى ساھىبىلىرى ئۇنىڭ بۇ چوڭقۇر تەسىرىدىن تولىمۇ بىئارام بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ «رامىزاندا شەيتانلارغا كىشەن سېلىنىدۇ» دەيدۇ. دېمەككى، شەيتان بىلەن شېرىك ئىش قىلغانلار داھىيسىنىڭ باغلانغانلىقىدىن بىئارام بولىدۇ. شەيتانلار باغلانغان بىر يەردە پەرىشتىلەرنىڭ ئىشلىرى ئاسان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكىم، رامىزاننى ھەركىم ئۇچۇن بەرىكەتلىك قىلغان ئاساسى سەۋەبمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك.

رامىزان پەقەتلا مەدەنىيىتىمىزنى شەكىللەندۈرگۈچى بىر ئامىل بولۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمان شەخسىيىتىنى بەرپا قىلغۇچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رامىزاننىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى قانچىلىك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى، شەخسنىڭ رامىزان بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 1 ـ باب رامىزانغا كىرىۋاتىمىز

رامىزان بىلەن يۈزەكى مۇناسىۋەت ئورناتقانلارغا نىسبەتەن، رامىزاننىڭ كىشىلىك بەرپا قىلغۇچىلىك رولى ئەلۋەتتە يۈزەكى، يەنى پوستى قىسمىدا قالغان بولىدۇ. رامىزاننىڭ تەسىرى كىشىنىڭ پوستىنى تېشىپ شەخسىيىتىگە يېتىپ بارالمايدۇ.

بۇنى بۇرۇن مەكتۇپقا ئوخشىتىپ يېشىپ بەرگەنىدىم. ئىبادەتلەر بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەۋەتكەن مەكتۇپىغا ئوخشايدۇ. ئىبادەتلەرنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئادا قىلغانلار، خۇددى ئىبادەتنىڭ روھىنى ( ئەسلى ماھىيىتىنى ) تولۇق چۈشەنمىگەن ۋە ئىبادەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن، ئاللاھقا ئىچىدە مەكتۇپ يوق كونۋېرت ئەۋەتكەنلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە يوقتىن ياخشى. ئەمما بۇ ئەستايىدىل بولمىغانلىقنىڭ بىر ئىپادىسى. ياخشىلىق قىلغان بىرىدىن سالام خەت تاپشۇرۇۋالدىڭىز دەيلى، كونۋېرتنىڭ ئىچىدە سالام خەت يوق، قۇرۇق بولسا بۇنى قانداق چۈشىنىسىز؟

ئىبادەتلەر بىلەن يۈزەكى ئەمەس، نېگىزىدىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلار كونۋېرتنىڭ ئىچىنى تولدۇردى دېگەنلىكتۇر. رامىزان بىلەن يۈزەكى شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ئاساستا مۇناسىۋەت ئورنىتىش، رامىزاننىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى بولغان ۋەھيى بىلەن جان تومۇرىدىن ئالاقە قۇرۇش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. چۈنكى رامىزان قۇرئان دۇنياغا كەلگەن ئاي.

قۇرئان تۇغۇلغان ئاينىڭ روزا تۇتۇش بىلەن تەبرىكلىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. روزا، روھنىڭ غىزالاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەدەننىڭ ئاچ قويۇلۇشى بولۇپ، بۇ تەپەككۇر دۇنياسىنى ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلب مەملىكىتىگە باشلاش، شەھۋانى ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر. مەنىۋى ئىنساننى ئالدىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ماددىي ئىنسان ( بەشەر) نى ئارقا تەرەپكە ئىبىلىش كېرەك.

رامىزاننى قۇرئان ئېيى دەپ بىلىپ، تەسەۋۋۇر، ئەقىل، شەخسىيەتنى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھاياتنى قۇرئان بىلەن يېڭىدىن بەرپا قىلىش، رامىزان بىلەن يۈزەكى ئەمەس نېگىزىدىن ئالاقە ئورنىتىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ۋەھيى، ھايات بەرپا قىلغۇچى ئىلاھى بىر لايىھە . بۇ ئوخشىتىشنى نەزەردە تۇتقان ھالدا

ئېيتساق، قۇرئان ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن بىر مەكتۇپ. ئادەم بالىلىرىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتىنىڭ فورمۇلاسى بۇ مەكتۇپقا پۈتۈلگەن.

ئاللاھتىن ئۆزىگە كەلگەن مەكتۇپقا يۈزەكى مۇئامىلە قىلغانلار بىلەن، چىن دىلىدىن مۇئامىلە قىلغۇچى ئوخشاش بولامدۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن مەكتۇپنى يۈزەكى ھالدا ئوقۇغانلار بىلەن، ئىچ ـ ئىچىدىن چۈشىنىپ ئوقۇغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ۋە ياكى سالام خەتنىڭ پەقەت كونۋېرتىغىلا قاراپ، ئىچىدىكى مەكتۇپقا، يەنى مەكتۇپتا نېمە دېيىلگەنلىكىگە قىزىقمايدىغان كىشىنىڭ ۋەھىيگە بولغان ئىخلاسى قانچىلىك بولار؟
بۇلاردىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئەگەر ئىنسانىنىڭ ھايات بەرپا قىلغۇچى ئىلاھى لايىھە بولغان ۋەھيي بىلەن ئالاقىسى تاشقى بولسا، ئىبادەتلىرىمۇ يۈزەكى شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. يەنى، ئاللاھتىن كەلگەن مەكتۇپ بولغان ۋەھيىنىڭ كونۋېرتىغىلا قاراش، ئاللاھقا ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ بولغان ئىبادەتلەرنىمۇ ئىچى قۇرۇق شەكىلدە ئادا قىلغانلىقتۇر.

قىلىدىغان ئىشىمىز ئېنىق: رامىزاننى پۇرسەت بىلىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبى بولغان ۋەھيي بىلەن چىن يۈرەكتىن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان ھالدا زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش.

ۋەھيىنىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى كۈچىگە ئۆزىگىزنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر زامان ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بەدەننىڭ ئورنىنى، ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبكە، ئىرادىگە ۋە روھقا بېرىش.

رامىزاننىڭ مەقسىتىنىڭ بۇنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق. بولۇپمۇ، رامىزانغا زاۋاللىقتا يۈز تۇتۇۋاتقان قاۋاقخانا ناخشىچىسى سەتەڭلەرنىڭ كۆز ئەينىكىدىن قارىماسلىق لازىم ( كۆڭۈل ئېچىش پۇرسىتى دەپ قارىماسلىق لازىم ). رامىزانغا ناخشىچى سەتەڭلەرنىڭ كۆزى بىلەن قارىغانلار، ئۇ يەردىن « باراڭ ئاستى » ئالەملەرنى كۆرىدۇ. بۇ، ئاللاھقا يوللاش ئۈچۈن يازغان سالام خېتىمىزنى، ناخشىچى سەتەڭنىڭ كىندىكىگە قىسىپ قويغاندەكلا بىر ئىش.

# 1 ـ باب رامىزانغا كىرىۋاتىمىز

مۇسۇلمان شەخسىنىڭ ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل بولغان رامىزاننىڭ هايات بەخش ئەتكۈچى رولىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش، ئۇنىڭ قۇرئان ئېيى ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ۋەيران بولغان مۇسۇلمانچە ئېڭىمىز قايتىدىن بەرپا قىلىنىپ ۋە قايتىدىن شەكىللەنمىسە، ۋەيران قىلىنغان جىسمانىي جۇغراپىيىمىز قايتىدىن بىنا ۋە بەرپا بولمايدۇ. ئۇقۇملار توغرا مەنىسىگە ئىگە بولالمىسا، ئەمىلى هەرىكەتلەرمۇ توغرا بولمايدۇ.

## رامىزان مەشرەپ ئەمەس

دىن ئىنسان ئۈچۈندۇر. ئىبادەتلەردىكى پايدا ئاللاھقا ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ دىنغا ئېھتىياجى بار، ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرغان ئاللاھتۇر. ئاللاھ ـ ئىنسان مۇناسىۋىتىدە، ئىبادەت ئىنساندىن ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغان بىر خىل ئىدراكتۇر. مانا بۇ « تەقۋا »نىڭ دەل ئۆزىدۇر. مۇھەممەد ئەسەد ۋە فەزلۇررەھمانغا ئوخشاش ئەسرىمىزدىكى مەشھۇر ئالىملارمۇ توغرا دەپ قارىغان، ئىزۇتسۇنىڭ « تەقۋا ـ مەسئۇلىيەت ئېڭى » دېگەن ئىزاھاتى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىزاھاتتۇر.

بۇ بىر مىراجتۇر. ھەر مىراج بىر «روزا» نىڭ، يەنى « ئۇلۇغۋار بولۇش ۋە يۈكسىلىش »نىڭ ئەسىرىدۇر. ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئىنساننىڭ چۈشەنچىسى ئىنسانلىق دۇنياسىنىڭ ئۈپۈقىغا يۈكسىلىدۇ. بۇ يۈكسىلىشنى ئاللاھ ھەرگىزمۇ مۇكاپاتسىز قالدۇرمايدۇ. ئۇبۇدىيەت بىلەن ئاللاھقا يۈزلەنگەن بەندىگە، ئاللاھمۇ رۇبۇبىيىتى ۋە رەھمىتى بىلەن يۈزلىنىپ « نۇزۇل ( چۈشۈش ) » بولىدۇ، يەنى رەھمىتىنى چۈشۈرىدۇ.

ئاللاھ تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ھەر نۇزۇل، ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىدۇر. ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە چۈشۈشى، ئەلچىلەردە ۋەھيي شەكلىدە نامايان بولماقتا.

بارلىق ۋەھىيلەرنىڭ ئەڭ يۈقىرى پەللىسى بولغان قۇرئان ۋەھيي، دەل مۇشۇنداق بىر ئىلاھى رەھمەتنىڭ سەمەرىسىدۇر. «نۇزۇل» كەلىمىسى ئەرەبچىدە، «مېھمان شەرىپىگە سېلىنغان تۈرلىرى مول داستىخان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىنى ئېسىمىزدە ئوبدان تۇتۇۋالساق، ۋەھىينىڭ نازىل بولۇشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز.

شۇنداق، ۋەھيي ئاللاھتىن ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن بىر « مائىدە ( ئۈستىدە ئەڭ مول نازۇ ـ نېمەت بولغان داستىخان) »، يەنى ساماۋى داستىخاندۇر. بۇ داستىخان ئىنسانغا ئىنسانىي تەرىپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان

غىزالار سۇنىدۇ. بۇ ئىلاھىي داستىخان ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلار بىلەن ئورتاق بولغان ھايۋانىي تەرىپىنى ئەمەس، ئىنسانىي تەرىپىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ.

ۋەھىي، ھايات بەخش ئەتكۈچى بىر ئىلاھىي لايىھە . ۋەھىي خۇددى تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى بولغان سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھنىڭ تەسەۋۋۇرىنى، ئەقلىنى ۋە كىشىلىكىنى بەرپا قىلغانغا ئوخشاش، ئىنسان بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىپ، چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن كىشىدە مىسلىسىز بىر ئەقىل ۋە كىشىلىك بەرپا قىلىدۇ. ئىنسان يەر يۈزىدىكى مەۋجۇت بولۇش غايىسىنى، پەقەت ۋە پەقەت ۋەھىي بەرپا قىلغان ئاڭ ـ چۈشەنچە بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. بۇ ئاڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش مەنىسى ۋە مەقسىتى توغرىلىق سەممىي بىر شەكىلدە ئويلىنىشى كېرەك.

ئىنساننىڭ مەقسەت ـ غايىسى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئىنسان ئۆمرىنىڭ بىر پىرسەنتىگە توغرا كەلمەيدىغان ھەسەل ھەرىسىنىڭمۇ، ھەسەل ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بىر غايىسى بولىدۇ ـ يۇ، پۈتكۈل كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە شاھ ئەسەر بولغان ئىنساننىڭ ھېچقانداق غايىسى بولماسمۇ؟

ئۆزىنى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرغان فىترەت، ئەقىل، ئىرادە ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى بىلەن ئىنسان ئەۋلادى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلىدىغانلىقىنى، دۇنيا باغچىسىدا خالىغانچە ئوينايدىغانلىقىنى، بېرىلگەن بۇنچە ئىچكى ۋە تاشقى ئىمكانىيەتلىرىنى ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە بۇزۇپ ـ چېچىپ ۋەيران قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتامدۇ؟

ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسى، «يەر يۈزىدە بار بولۇش مەقسىتىگە لايىق بىر ھايات» بەرپا قىلىشتۇر. ۋەھىي بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇستىسى بولغان ئىنساننىڭ قوللانمىسى (ئىشلىتىش كۆرسەتمىسى)، خەرىتىسى. ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق غايىسىنى توغرا ۋە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ۋەھىينىڭ تەربىيەلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ۋەھىيگە تاپشۇرۇشى كېرەك.

ئۇنداق بولمىسىچۇ؟ ئۇنداق بولمىغاندا، دەل بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكىدەك ئىنسان يوق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىنسان قىياپىتىگە كىرىۋالغان پەردازلىق ۋە نىقابلىق كىشىلەر ئالىدۇ. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بوھرانلارنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان « ئادەم كىرىزىسى » تېخىمۇ بەتتەر ئېغىرلىشىدۇ. رېئاللىقنىڭ ئورنىنى يالغان، ھەقىقەتنىڭ يېرىنى ئوبراز، بىباھا قىممەت قاراشنىڭ ئورنىنى باھا، ئەمگەكنىڭ ئورنىنى سىمۋول، ئادالەتنىڭ ئورنىنى بىخەتەرلىك تەشۋىشى، دۆلەتنىڭ ئورنىنى دىۋە، مىللەتنىڭ ئورنىنى جانىۋارلاشقان سىياسەتپەرەسلەر ئالىدۇ.

ئەلچىلەرنىڭ چاقىرىقىنى تىرىلدۈرۈشتىن باشقا بىر چىقىش يولىمىز يوق. بارلىق ئەلچىلەرنىڭ چاقىرىقى، ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چاقىرىقى ئىدى. بۇ چاقىرىقتىن يۈز ئۆرۈش، ئەسلىدە ئىنسان ئىنسانىيەتكە قىلىدىغان ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە دۇنياۋى ئەخلاقسىزلىقتۇر. بۇ چاقىرىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ چاقىرىقىمۇ دەل ئەلچىلەرنىڭ چاقىرىقى ئىدى.

رامىزان، دەل مۇشۇ چاقىرىقنىڭ ساھىبى بولغان ۋەھيىنىڭ تۇغۇلغان ئېيىدۇر. بۇ تۇغۇلغان مەزگىلنىڭ روزى بىلەن تەبرىكلىنىشى، ئەسلىدە ۋەھيي چاقىرىقنىڭ روھى بىلەن مۇكەممەل شەكىلدە ماسلىشىشچانلىقىغا ئىگە. چۈنكى روزا ئىنساننىڭ ئىنسانىي تەرىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھايۋانىي تەرىپىگە « توختا » دېيىشتۇر. ئىنساننىڭ روھىنى بېيىتىپ، ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىگەنلىكتۇر.

بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇش مەقسىتىگە ئۇيغۇن بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىنساننىڭ، يەنى « ئۇستا »نىڭ تەربىيەلىنىشى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، رامىزان ھەم روزا ئىبادىتى ئارقىلىق نەپس ۋە روھ تەربىيەسىگە؛ ھەم ۋەھيي ئارقىلىق بىر تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىل تەربىيەسىگە ئايلىنىشى كېرەك. مانا بۇ شەكىلدە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ.

ئىبادەتلەر، ئىنسان ـ ئاللاھ مۇناسىۋىتىدە ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئەۋەتكەن بىر مەكتۇپىغا ئوخشايدۇ. ئىچى بوش كونۋېرت ئادرېسقا يېتىپ باردى دېگەن تەقدىردىمۇ، مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىغۇدەك بىر مەكتۇپ بولمايدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئىچى بوش ئىبادەتلەر، يۇقىرىدىكىدەك ئىچى بوش بىر كونۋېرتقا ئوخشايدۇ. بۇ، ھېچ بولمىغاندا بىر سەممىيەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ ۋە مەقسىتىنى ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. رامىزاننى قېنىدا مىكروبلار بولغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئوسمانلى سەلتەنەتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، « تېرەكلەر ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش » بىلەن، ئۇنىڭ كۇنىمىزدىكى ئۆزگەرگەن شەكلى بولغان « ناخشا كېچىلىرى » بىلەن تەبرىكلەش، رامىزانغا قىلغان بىر ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتى ئۈستىدە مەشرەپ ئۆتكۈزگەندەك بىر ئىشتۇر.

يۇقىرىدىكى چۈشەنچە، رامىزاننى تولۇمدەك سەمرىپ كەتكەن بايلارنىڭ « ئوروۇقلاش ئېيى»، يوقسۇل ۋە ۋىجىكلەرنىڭ « ئۆزىنى ياخشى كۆتۈش ئېيى » دەپ چۈشىنىۋېلىشىدىنمۇ خەتەرلىكتۇر.

نېمە ئۈچۈن ھەر دائىم « قۇرئاننىڭ بەرپا قىلىشى » دەپ يۈرگىنىمىز ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ چۈنكى بۇ مەسىلە، « مەن مۇسۇلمان » دېگەن ۋە ئىخلاسىدا زەررىچىلىك شەك بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلامىنى، ۋەھيىنىڭ بەرپا قىلمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا.

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قايسى پائالىيەتنى قىلسىڭىز قىلىڭ، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇرىڭىز، ئەقلىڭىز ۋە كىشىلىكىڭىزنى ۋەھيىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىڭىزگە بىر توغرا يول خەرىتىسى سىزدۇرۇڭ. ۋەھيىنىڭ قولى بىلەن ئاساس سالدۇرۇڭ. دىنغا، دۇنياغا، ئىنسانغا، نەرسىلەرگە ئاللاھ « نەزەر سال » دېگەن يەردىن قارىشىڭىز پەقەت ۋە پەقەت بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك . . . مۇسۇلمانلىقىڭىزنىڭمۇ ئاللاھ ھۇزۇرىدا دىققەتكە سازاۋەر بولۇشىمۇ دەل بۇنىڭغا باغلىق . . .

ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن خالىسىڭىز سىياسەتچى بولۇڭ، خالىسىڭىز ئىقتىسادچى ... خالىسىڭىز سەنئەتچى بولۇڭ، خالىسىڭىز پۇتبولچى ... ۋە ياكى خالىسىڭىز ھاكىم ياكى پىرېزىدېنت بولۇڭ.

# كەلدى يەنە گۈل مەۋسۇم

ئاشىق تۇپراققا دېدىكى: ئاجايىپ ئىش، گۈل پۇرايسىنا! سېنىڭ ئەسلى ھىدىڭ بۇ ئەمەس، سەن بۇ پۇراققا قانداق ئېرىشتىڭ؟

تۇپراق دېدىكى: مەن بىر گۈلنىڭ تۇپرىقى. ئۇ خۇشپۇراق مەندىن ئەمەس، گۈلدىن كەلدى. گۈل تۇپرىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ماڭا سىڭدى. شۇڭا گۈل پۇرايمەن.

يېقىنقى بىر ئەسىردىن كۆپرەك زىمىستاننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ گۈلىستاننى «كەنەفىستان ( ھاجەتخانا )» ھالىغا كەلتۈرۈپ سېسىتقانلارغا قارىماستىن يەنە رامىزان كېلىۋاتىدۇ. كىشىنى ئۈزگە مەھلىيا قىلىدىغان، كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان گۈل پۇرىقى بىلەن كېلىۋاتىدۇ. قۇرۇپ ـ قاغجىراپ كەتكەن يۈرەكلىرىمىزگە رەھمەت، بەرىكەت، ئېھسان، مۇھەببەت ۋە ھىدايەت ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئېسىڭىزدىمۇ؟ بۇ گۈلىستاننى كەنەفىستانغا ئايلاندۇرغانلار گۈلگە ۋە گۈلنى ئەسلىتىدىغان ھەر قانداق نەرسىگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى شىددەتلىك ھۇجۇمىنى بىر رامىزان ئېيىدا باشلىغان ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئۆيىگە ئىشىكنى چېقىپ بېسىپ كىرىشكەن، مىلتىق ۋە كامېرالىرىنى ئۆلارغا بەتلىگەنىدى. بۇ قەدىمى گۈلىستاننى ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەت ئۇرغۇپ تۇرغان گەندە كۆلچىكىگە ئايلاندۇرۋەتمەكچى بولغانىدى.

قارا باسقان يۈرەكلىرى، قارا ئەقلى، قاپقارا ۋىجدانلىرى ۋە قاپقارا يۈزلىرى بىلەن چۈشلىرىمىزنى ۋە خىياللىرىمىزنى زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولۇپ، مىڭ يىل سۈرىدىغان ئۇرۇش ئېلان قىلىشقانىدى. بۇ گۈزەل گۈلىستانىمىزنى ئەندەلۇسقا ئايلاندۇرۋېتىدىغانلىقىنى جار سېلىشقانىدى.

ئۇلارنىڭ بىر رامىزاندا كېلىشلىرى خۇددى رامىزاننى نىشانغا ئالغاندەكلا ئىدى. ئۇ شۇم ئۇرۇش، ماڭا رامىزانغا ۋە رامىزاننىڭ ئىگىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتەك بىلىنگەنىدى. رامىزان ئېلىپ كەلگەن روھنى كىرىپ كەتكەن مىخلاش ئۇچۇن بەزىلەر جان ـ جەھلى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. بارماقلىرىنى كۆزىمىزگە چەنلەپ، بىر گېپىستاپوچى باشلىقىدەك « ھەي سەن! . . . سەنمۇ! » دېگەنلىرىدە ئىچىمىزدىكى رامىزانغا سېغىناتتۇق. بارلىق ئۆچمەنلىكلىرىنى گويا بىزگە ئەمەس، بەلكى ئىچىمىزدىكى « رامىزان»غا قاراتقانىدى.

ئۇ قارا كۈنلەردە، ئۇلار ئۈچۈن رامىزان ئىدۇق، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. جېنىمىزدەك سۆيگەن، ئاسرىغان ئىچىمىزدىكى رامىزاننى بەرسەك، باشقا ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلىشمايدۇ دەپ ئويلىغانىدۇق. ھەتتا بەزىلىرىمىز يالماۋۇزنىڭ ئالدىغا بالىسىنى تاشلاپ بەرسە، ئۆزى قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئەقىلسىز ئاتىلاردەك، ئىچىدىكى رامىزاننى ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىشكەنىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كۆزى پەقەت ئىچىمىزدىكى رامىزاندا ئەمەس ئىكەن. ئۇلار، ئەسلىدە پەردە ئارقىسىدا بۇلاڭچىلىق ، تالان ـ تاراج

قىلىشقا ئوخشاش باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتىكەن.

قورققان ئىدىم، بۇ لەنىتىلەر يۈزىدىن ئۇششۇ مەزلۇم تۇپراقلىرىمىزغا يەنە رامىزان كەلمەسمۇ دەپ.

ئەمما ئۇ رەنجىپ قالمىدى، يەنە كەلدى. بوينى پۈكۈك، كۆڭلى يېرىم، كۆزلىرىدە ياش ئەگىگەن بولسىمۇ يەنىلا كەلدى.

ھەر كەلگىنىدە ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز، سەپەردە يولداش، ئېغىر كۈندە قېرىنداش، قىيىنچىلىقتا دوستىمىزغا ئوخشاش ئۆزى بىلەن بىرگە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

قەھەتچىلىكتىكى ناندەك بۆلۈشتۇق ئۇنى.

ئىچىمىزدىكى رامىزاننى ئۇنىڭ بىلەن باقتۇق.

ئىككىسى ئۇچراشقىنىدا سامانلىق باغقا، زىندان گۈلىستانغا ئايلىناتتى.

بەلكىم سىزمۇ بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەنسىز بۇ كۈنلەرنى.

ھەر رامىزاندىن كېيىن، « مۇشۇنىڭ بىلەن يەنە ئون بىر ئاي ماڭالايمىز! » دېيىشەتتۇق ۋە ماڭاتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا پەقەت بىزنىڭلا روزىنى تۇتمايۋاتقانلىقىمىزنى، روزىنىڭمۇ بىزنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى ـ ـ مەھكەم، بېشى تىك، قۇۋۋەت بىلەن ۋە شەرەپلىك ھالدا. . . تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتۇق.

ئەنە شۇ ۋاقىتتا، رامىزانىنىڭ ئورۇقلىۋېلىش ياكى سەمىرىۋېلىش مەشرىپى ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدۇق. ھەتتا رامىزانى ئاشۇنداق تونۇشتۇرغانلارنىڭ بىزگە

قانچىلىك يامانلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدۇق. رامىزانىنىڭ ئېچىرقاپ

كەتكەن روھلارنى تويدۇرۇپ، تويغان ۋە تويغانسېرى ئازغۇنلۇققا مۈپتىلا بولغان ئىچىمىزدىكى ھايۋاننى ئاچ قويۇپ تەربىيە قىلىش دېگەن مەنىگە كېلىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلگەنىدۇق. روھنىڭ ئەكسىگە قاراپ بۇزۇلغان ئىنسانىي مۇۋازىنىتىمىزنى دەرھال تەڭشىۋالاتتۇق.

بۇ كۆرۈنۈش، بىزنىڭ رامىزانغا ئەمەس، ئەكسىچە رامىزانىنىڭ بىزگە ئېكرام قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. رامىزان ئەلۋەتتە مول نېمەت بەخش ئېتىدۇ.

چۈنكى ئۇ بىر ساماۋى داستىخان بولغان ۋەھيىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ زۇلمەت باسقان ئۆيۈقىنى يورۇتقان ئاشۇ ئاينى تەمسىل قىلىدۇ. ئۇ، قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇغۇلغان ئېيى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇتلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق ـ رامىزان جىمى بەرىكىتى، مۇقەددەسلىكى، ھېكمىتىنى ۋەھيىدىن ئالىدۇ.

ئۇنداقتا، ۋەھيىسىز بىر رامىزانى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. رامىزانىنىڭ سەۋەبى بولغان ۋەھيىدىن يۈز ئۆرۈگەن ھالدا قانداقمۇ بىر رامىزانى ئەھيا قىلىش مۇمكىن؟! رامىزانىنىڭ ھېكمىتى بولغان قۇرئان بىلەن تونۇشماي

تۇرۇپ، رامىزاننىڭ پەيزىنى قانداقمۇ سۈرگىلى بولسۇن؟ رامىزاننىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان ئىلاھى خوش - خەۋەر بىلەن بىر گەۋدە بولۇش تىرىشچانلىقىمىز، ئۇنىڭ سىيماسى بولغان رامىزاننى چۈشىنىپ يېتىشىمىزنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىدۇ.

ئۇنداقتا، قېنى ھەممىمىز بىرلىكتە بىر سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلايلى!

ئۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان روھى قارا كىشىلەرگە قارشى،

قۇرئان بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، رامىزاننى قۇرئان بىلەن تېخىمۇ

سەممىمي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن بىر پۇرسەت دەپ بىلەيلى. شۇنى ئېنىق كۆرىسىزكى، قۇرئانغا قانچە يېقىنلاشسىڭىز، ئۇ سىزگە تېخىمۇ كۆپ پىچىرلايدۇ، ئۇمۇ سىزگە يېقىنلىشىدۇ. خۇددى ئورۇق بىلەن تۇپراق، بارماق بىلەن تىرناققا

ئوخشاش ئىككى ئايەت بىر - بىرىگە زىچ كىرىشىپ كېتىدۇ. ئىككىسىنى بىر -

بىردىن جۇدا قىلماقچى بولغانلار مانا بۇ ۋاقىتتا پەرىشان بولىدۇ.

رامىزان بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بولغان ۋەھىي بىلەن تونۇشمىساق

بولامدۇ؟ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەر نەرسىنىڭ بىر سەۋەبى بولغاندەك ۋەھيىنىڭمۇ بىر سەۋەبى بار. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، قۇرئاننىڭ ۋەسىلىسى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، قۇرئان بىلەن تونۇشۇش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئاننىڭ ۋەسىلىسىنى بىلىدىغانسىز؟ ئۇ، مېھرى - شەپقەتنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

بۇ رامىزان، رەسۇلۇللاھمۇ كۆڭۈل سارىيىڭىزغا مېھمان بولۇشى، ئۇنىڭ

بىلەن تونۇشۇپ چىقىش كېرەك.

شۇنداق، بىلىمەن، ئەتراپىمىزدا « مانا بۇ رەسۇلۇللاھ » دەپ تونۇشتۇرۇلىۋاتقان بىردىن كۆپرەك ئوبرازغا قاراپ، «قايسى رەسۇلۇللاھ بىلەن؟ »

دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. يەنى پەرىشتىلەشتۈرۈلگەن رەسۇل تەسەۋۋۇرىمۇ؟ « پوچتىكەش » ۋە « خەۋەرچى » سەۋىيەسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلغان رەسۇل تەسەۋۋۇرىمۇ؟ ۋە ياكى قۇرئان تونۇشتۇرغان رەسۇل بىلەنمۇ؟

جاۋابى ئېنىق: ئەلۋەتتە بىزگە قۇرئان تونۇشتۇرغان رەسۇل بىلەن تونۇشۇپ چىقىش كېرەك!

# رامىزان بىر پۇرسەت

ئى مۇئمىنلەر! ( گۇناھلاردىن ) ساقلىنىشىڭلار ( ئالللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ھېس قىلىشىڭلار ) ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە ( يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ ( رامىزان روزىسى ) پەرز قىلىندى( 2:183 ).

« رامىزانىڭىز مۇبارەك بولسۇن! » دەيمەن، شۇنداق رامىزان ئەسلىدىنلا مۇبارەك ئىدى.

« خۇش كەلدىڭ ئەي رامىزان ئېيى » دەيمەن، رامىزان دائىما خۇش كېلىدۇ. لېكىن كىشى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش، ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە پايدىلىنىش بولۇپ، ئۇنى خۇشال ـ خۇرام ھالدا كۈتۈۋېلىش، ئۇنى خۇش قىلىش ۋە خۇش ھالدا ئۇزىتىشتۇر.

دائىم نەزىرىمىزدىن ساقىت بولىدىغان بىر ھەقىقەت بار. يەنى، ئىبادەتلەرنىڭ ئۆزىلا مەقسەت ئەمەس. ئەكسىچە، ھەر ئىبادەت يۈكسەك دەرىجىدىكى بىر غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى. ئۇ مەقسەت نەزەردىن ساقىت قىلىنغاندا، ئىبادەت ئادا بولمايدۇ ۋە مەقسىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. روزا ئىبادىتىنىڭ مەقسىتى، بۇ ئىبادەتنى پەرز قىلغان يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئوپئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، مەسئۇلىيەت ئېڭى تۇرغۇزۇشتۇر.

بۇ، ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆزىنى تونۇشى ئۈچۈن ئىنسان دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتىشى كېرەك. دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىشتىن مەقسەت، گۆشىدىن سۆڭىكىگىچە، چاچ ـ ساقاللىرىغىچە، بەدەن ئېغىرلىقى ۋە بويى ئۇزۇنلۇقىغا، ئاشقازىنىغا ۋە تېنىگە ئېتىبار بېرىشى دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى بۇلار ئىنساننى « ئىنسان قىلغان » تەرەپلىرى ئەمەس.

ئۇنداقتا، ئۇ نېمە؟

ئەلۋەتتە، ۋەھىي « قەلب » دەپ ئاتىغان ئىچكى دۇنياغا، تۇيغۇغا، چۈشەنچىمىزگە، ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبكە يۈزلىنىشتۇر! دىققەت ئېتىبارىنى

ئىچكى دۇنياغا قاراتقان ئىنسان، ئۆزىنى تونۇشقا باشلايدۇ. ئۆزىنى، يەنى ئاللاھ ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە موھتاجلىقىنى، دۇنيا مەئىشەتلىرى ئالدىدىكى شانۇ ـ شەرەپ ۋە ئۈستۈنلۈكىنى تونۇشقا باشلايدۇ.

بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىنسان، « مەسئۇلىيەت ئىڭىنى تۇرغۇزغان » ئىنسان بولىدۇ.

بۇ ئۈچ يۆنىلىشلىك ئاڭدۇر. ئاللاھقا، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا قارىتا شەكىللەنگەن ئاڭ. ئاچ ـ يالىڭاچلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى، يوقسۇللارغا، يېتىملەرگە، ئىگە ـ چاقىسىزلارغا، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھەر ئىنسان روزا ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ.

رامىزاننى مەشرەپكە ئايلاندۇرىۋالغانلار، ئۇنى ئورۇقلارنىڭ سەمىرىۋېلىش، سېمىزلەرنىڭ يېمەي ئورۇقلىۋېلىش ئېيى دەپ قارىغانلار بۇ مەقسەتنى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالسۇن؟

بۇ خىل كۆز قاراشقا ئىگە بولغانلارغا نىسبەتەن، رامىزان دېگەندە تۇنجى بولۇپ ئەقلىگە ئىستانبۇلدىكى غەربچە ناخشىچى سەتەڭلەر ئىجراسىدىكى « تېرەكلەر ئارىسى تاماشا » كېلىدۇ.

ئوسمانلىنى تىرىلدۇرىمىز، دەپ ئىستانبۇلنىڭ « ئىسلامبول ( ئىسلام مول ) » تەرىپىنى ئەمەس، ئەكسىچە ئىستانبۇلنىڭ « پەرا ( قاۋاقخانا ) » تەرىپىنى تىرىلدۇرۇشكە تىرىشىش، سول تەرىپىدىن ئويغىنىشقا ئوخشايدۇ.

پەقەت ئۇنچىلىكلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز ئېتىقادىغا « فىرانسۇزلىشىش ( ياتلىشىش ) » بولۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتنى دىنىنىڭ پارچىسى دەپ قالغانلىق بولىدۇ.

ئىپتار چېدىرلىرىنى قۇرۇش نېمە دېگەن ياخشى ئىش. ئىستانبۇلنىڭ « ئىسلامبول» تەرىپىنى مانا مۇشۇنداق ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەر ئەسلىتىدۇ.

خەلق ھۆكۈمەتلىرىمىز نىمىشقا پەقەت چىدىرغا كىلىدىغان كىشىلەرنىلا ئويلاپ، دەل ئىپتار ۋاقتىدا قاتناش قىستاڭچىلىقىدا قالغانلارنى ئويلىمايدىغاندۇ؟ ئۇلارغا بەك ئالىي بولمىسىمۇ، پەقەت ئىغىز ئاچقۇدەك بىر خورما، كىچىك بىر قۇتا سۇ، كىچىك بىر توقاچتىن تەركىب تاپقان ئاددىي بىر تاماق تىزىملىكى يىتەرلىك بولاتتى.

ئەگەر ئۆرنەك تەلەپ قىلىدىغان بولسا، بىر قانچە يىلدىن بىرى بۇ ئىشنى ۋەتەن كوچىسىدا قىلىپ كىلىۋاتقان ئەقەبە ۋەخپىدىن ئالسا بولىدۇ. ھەتتا ياردەم قىلىسىمۇ بولىدۇ. دەل ئىپتار ۋاقتىدا قاتناشتا قىستىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ، ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن سۇنۇلغان ئىپتارلىق ئىكراملىرىنى ئالغان ۋاقىتتا كۆزلىرىنىڭ قانداق نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايسىز. ئۇلارنىڭ ئورنىدا سىز بولۇپ قالسىڭىز، سىزنىڭمۇ كۆزلىرىڭىزدىن نۇر چاقنىماسمۇ؟

ئەلۋەتتە، قارنىمىزغا قىلىنغان ئىكرام، رامىزاننىڭ ئەڭ كىچىك تەرەپلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدىن باشقا چوڭ ھەدىيەسى بار رامىزاننىڭ. ئەقلىمىزگە ۋە قەلبىمىزگە سۇنۇلغان ھەدىيە. ئۇ، كىشىلەرگە قۇرئان ھەدىيە قىلىش بولۇپ، كىشىلەرنى ۋەھىينىڭ داستىخىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىرقاپ كەتكەن يۈرەكلىرىنى ۋە مىڭىسىنى قۇرئان بىلەن تويغۇزۇش.

قىسقىچە قىلىپ ئىيتساق، رامىزان بىر پۇرسەت. كىرلەنگەنلەرنى پاكلايدىغان؛ بۇزۇلغانلارنى، ئۈپراپ كەتكەنلەرنى ئوڭشايدىغان؛ يىقىلغانلارنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزىدىغان؛ تەسبىھ دانىسىدەك چىچىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىپ بىر گەۋدە قىلىدىغان؛ يىتتۈرۈپ قويغاننى تىپىۋالىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت.

## شۇنداقتىمۇ يەنە خۇش كەلدىڭ

رامىزان، ئاللاھ بىكىتكەن كۈنتەرتىپتىن بىرى بولۇپ، ئۇ، مۇئمىنلەردىن بىر ئاي بويىچە ئۇششاق ياكى كۈندىلىك مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن كۈنتەرتىپكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رامىزان، بىر ئىچكى دۇنيانى بەرپا قىلىش سەپەرۋەرلىكىدۇر.

رامىزان، ئىنسان دائىم سەل قارىغان ئىچكى دۇنياسىغا ئاتلىنىدىغان سەپەر ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بىر پەيت.

رامىزان، نەپسنى تەربىيە، روھنى پاكلاش ۋە شەيتاننى قوغلاش مەزگىلىدۇر.

رامىزان، تۆت قىرلىق ماددىغا بەشىنچى بىر قىرنى قوشۇش ئۈچۈن ئىنسانغا بېرىلگەن بىر پۇرسەتتۇر.

بىراۋنىڭ ئۆزىدىن بەكرەك باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ دۇنيادا، ئىنسان ئۆزىگە قاراشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بىراۋ ئۆزىنى قويۇپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، ئىنسان يەنىلا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

رامىزان، بىر يىل بويىچە ئوتنى ئۆچۈرىمىز، دەپ كەينىدىن قوغلاپ، ھەتتا ئوتنى باشتا ئۆزى قويۇۋېتىپ، ئاندىن ئوت ئۆچۈرىمەن، دەپ ھەپىلىشىۋاتقان ئوت ئۆچۈرگۈچىنىڭ ئۆزىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرىدىغان مەزگىلىدۇر.

رامىزان، ھاياتنىڭ ئالدىراش ۋە قالايمىقان قىستاڭچىلىقىدا بىر يىل بويىچە يۈرگەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش ۋە ئوڭشاش، خاتالىقلىرىنى بايقاش ۋە ئۆزگەرتىپ ئەسلىگە قايتىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت.

ۋەيران بولمايدىغان قىممەتلەرنى ۋەيران قىلغان « سېكۇلار ( دىننى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلاش ) مەنتىق » ۋە بۇ مەنتىقىنىڭ شىپاسى تېپىلغۇسىز تەزگاھلىرىدىن بىرى، رامىزاننى « ئەنئەنىۋي بايرام »، روزا ھېيتىنى « كەمپۈت بايرىمى »، قۇربان ھېيتىمىزنى « گۆش بايرىمى » دەپ بىزگە تونۇشتۇرۇشتۇر.

روزىنى كۈندىلىك ھاياتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى تەرتىپىگە ئالغانلار ئۈچۈن

بىر رەھمەت ۋە مەغپىرەت يامغۇرى بولغان رامىزاننى، « ئىپتار نېنى » ۋە « زوھۇرلۇق دۇمباق ئاۋازى » ئەدەبىياتىغا قۇربان قىلىۋېتىش، ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. رامىزاننى ئەسلىدە دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ھاياتىمىزنىڭ، يېڭىدىن دىنغا يۈزلىنىشى ۋە ئاللاھ ئىشقىنىڭ بىر تەرىپىنى قوشۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر غەنىيمەت دەپ قاراش كېرەك.
مانا بۇ دەل ئۆزىمىز بىلەن تونۇشۇشىنىڭ پەيتى...

*******************

ئىسلام ئۈممىتى ياشىغان جايلاردا قان ۋە كۆز يېشى توختىماي ئېقىۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلار خەلقئارا ۋە يەرلىك كۈپۈر ئەھلىنىڭ قىسقۇچلىرىدا.

دۇنياۋى ۋە يەرلىك كۈپۈر ئەھلى ھەممىسى بىرلىشىپ بىر مۇشتقا ئايلىنىپ، ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال قىممەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىشماقتا.

ئىسلام ئۈممىتى پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەر بىر پارچىنىڭ بېشىغا بالا بولغان مىللەتچى دۆلەتلەر ۋە دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرنىڭ زۇلمى داۋام

قىلىۋاتىدۇ.
تەپەككۇرلار پالەچ،

ئىلىم كور،

ھېكمەت يوقالغان.

ئوغرىلار مەمۇر،

ئۆلىمالارنىڭ نومۇسسىز كىشىلەرچىلىكمۇ يۈرىكى يوق،

مۇشۇنداق بىر زاماندا كەلدىڭ ئەي رامىزان.

خۇش كەلدىڭ، لېكىن خۇشاللىق تاپالمىدىڭ.
خۇشلۇق تاپالمىدىڭ، چۈنكى،

ئىسلامغا ئىسلام دۈشمەن.

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانغا تاقىتى يوق.
كېپىنەك گالىستۇكلۇق موللىلار،

رىياكار ھاجىلار،

فېمىنىست (غەربچە ئاياللار ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى) ھەدىلىرىمىز بار بۈگۈن.

ئىمانلارغا ئىللەت، مۇئىمىنلەرگە زىللەت ھەمراھ بولدى.

بەزىلەر دولمۇش ( مىنىبۇس )قا چىقىۋاتقاندا، بەزىلەر دولمۇشقا تاش ئېتىۋاتىدۇ.
بالىسىنىڭ تۇنجۇقۇشىنى تاماشا قىلىۋاتقانلار، جەسىتىنى بۆلۈشۈپ بولالماي ئاۋارە.
مېھرى ـ شەپقەتنى بىلمەي «مۇسۇلمان» بولغانلار بار.

بىلەرمەنلەر، شەكىلۋازلار...

« يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان بومبا »دىن كېيىن، « يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان مېڭىلەر » مەيدانغا كەلدى.

يانتۇ قارىغانلار، خاتالىقنى قانداق قارىغانلىقىدىن ئەمەس، قارىغان نەرسىلىرىدىن ئىزدەيدۇ.

كارامىتى ئۆزىدىن باي ـ غوجاملار، ئەپەندىلەر، زاتلار « بەش قەدەم ئاتلاش » ئۈچۈن ھەلەبنى ياراتماي، ئەمدى « ئالەم بوشلۇقى »غا چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ .

يەر يۈزىنىڭ شۇ قۇرغاق پەسلىدە چۆلگە ئايلانغان كۆڭۈل لەۋلىرى چاڭقاپ يېرىلىپ كەتتى.

ئەي رەھمەت ئېيى،

ئەي رامىزان،

بىزنىڭ مۇشۇ ھالىمىزدىمۇ يەنىلا خۇش كەلدىڭ.

# خۇش كەلدىڭ، ئەمما تازا خۇش تاپالمىدىڭ!

ئى رامىزان!

ئى « مىڭ ئايدىنمۇ ئارتۇق بىر خەيرلىك كېچىنى » باغرىدا ساقلىغان ئاي!

ئى قۇرئان تۇغۇلغان ئاي، ئايلارنىڭ ئىچىدە بەكرەك گۈل پۈرايدىغان ئاي!

ئى ۋەھىينىڭ هايات بەخش ئەتكۈچى هاۋاسىنى هاياتقا، مۇهەممەدنى

ئەبەدىي سۆيگۈگە، مەۋجۇتلۇق ئاللاهتىن يىراقلاشقانسېرى مەنىسىنى يوقاتقان

دەۋرگە، ئىنسان يوقۇتۇپ قويغان ئادىمىيلىك، رەهمەت، بەرىكەت، خەيرى ـ ئېهسان، هىدايەت ۋە شەپقەتنى قايتىدىن ئىنسانغا ئېلىپ كەلگەن ئاي!

خۇش كەلدىڭ!

14 ئەسىردىن بۇيان هەر يىلدىكىدەك، مىڭلىغان ئۇممىدنى باغرىڭدا ئېلىپ كەلدىڭ. هەر قېتىمقىدەك، ئارمانغا چۇشلۇق دەرمان تېپىش نىيىتى بىلەن كەلدىڭ. هەممىدىن بەك، خۇش هالدا تاپقانلىرىڭنى تېخىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن، ناخۇش هالدا تاپقانلىرىڭنىمۇ تەكرار خۇش قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭ!

كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۆتمۈشتە سانسىزلىغان خۇش كېلىشىڭ ۋە خۇش هالەتتە تاپقانلىرىڭ بولغاندۇ!

بېشى تىك، پېشانىسى ئوچۇق، سېخىي، يۈزى ئاق، يۈرىكى پاك، كۆزى ئۆتكۈر، سۆزى قۇۋۋەتلىك، ئۆزى دۈرۈس مۇئمىنلىرىڭ كۈتۈۋالغانىدى سېنى.

سەن خۇش كەلگەن، ئۇلارنىمۇ خۇش هالدا تاپقان ئىدىڭ.

قۇرئان قوللىرىدا، دىللىرىدا، كۆڭۈللىرىدە ۋە هەممىدىن مۇهىمى تۇرمۇشلىرىدا ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن قۇرئاننى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تۇغۇلغان

كۆننى تەبرىكلىمەيتتى. ھەر رامىزاننى ۋەھىي بىلەن قىلغان بىر يىللىق ئەھدى، دەپ بىلەتتى.

قۇرئان ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، ئەقلى ۋە خاراكتېرىنى بەرپا قىلىدىغان ئۇستاز ئىدى. ئۇلار بولسا ھاياتنى، ھاياتنىڭ يىقىلغان، ۋەيران بولغان، بۇرمىلانغان يەرلىرىنى بىرمۇ بىر ئوڭشىغۇچىلىرى ئىدى...

سەن خۇش ھالەتتە تاپقان نەسىللەر ھاياتنىڭ قايسى ئېقىمىدا ئاقىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيتتى. باشقىلار بەلگىلەپ بەرگەن ئېقىمدا ئەخلەت ـ چاۋارغا ئوخشاش ئاقمايتتى.

ئۇلار ھاياتنىڭ قۇلى ئەمەس، خوجايىنى ئىدى...

ئۇلار ماللىرىنىڭ قۇلى ئەمەس، خوجايىنى ئىدى...

ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ بالىسى ئەمەس، ئانىسى ئىدى. چۈنكى شارائىتلار ئۇلارنى ئەمەس، بەلكى شارائىتنى ئۇلار ياراتتى.

1422 ـ يىلى رامىزاننىڭ 1 ـ كۈنى، سەن يەنە كەلدىڭ، بۇرۇنقىدەك خۇش كەلدىڭ. ئەمما شۇنى بىلىمەن، 10 يىللاردىن بېرى، ھەتتا يۈز يىللاردىن بېرى ھېچ خۇشاللىق تاپالمىغىنىڭغا ئوخشاش بۇ قېتىممۇ ھېچ خۇش تاپالمىدىڭ ، بىزنى.

كىم بىلىدۇ، بۇ خۇش تاپالمىغان نەچچە ئون، نەچچە يۈز نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق ھالەتتە تاپتىڭ مۇئمىنلىرىڭنى؟ كىم بىلىدۇ، نېمە دەردلەرگە، مۇسىبەتلەرگە، ئوت ئاپەتلىرىگە، يەزىدلىكلەرگە، توڭگۇزلۇقلارغا، كۇفرىلىقلارغا، چاكىنىلىقلارغا شاھىت بولدۇڭ؟ قانچىلىغان يارىلار ۋە يارىلانغان يۈرەكلەرنى كۆردۈڭ؟

لېكىن، ئى رامىزان، بۈگۈنكىگە ئوخشايدىغاننى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟

بىر يېرىم مىليارد نوپۇسلۇق بىر ئائىلىنى مۇشۇنداق پەرىشان، چېچىلىپ كەتكەن، ۋەيرانچىلىقتا قالغان، قورققان، بىزار بولغان، ئۈمىدسىز، ئىرادىسىز، ئىقتىدارسىز، جانسىز، ئەقىل - پاراسەتسىز ھالدا كۆرگەنمىدىڭ؟

ئى رامىزان! ئەھلى ئىسلام دىيارىدىن دەريا بولۇپ ئاققان قانغا شاھىت بولغانمىدىڭ؟ مۇئمىنلەرنىڭ بۇ قەدەر ئېزىلگەن، ئىتتىرىلگەن، ئۇرۇپ - سوقۇلغان، خارلانغانلىقىنى ئەسلىيەلەمسەن؟

قارا، مۇئمىنلىرىڭگە! كۆڭۈللىرى، ئائىلىلىرى، يۇرتلىرى، ھەممىدىن بەك ئەقلى ۋە ئېڭى خاراب بولدى. سېنى كۈتۈۋالغاندەك يۈزى ۋە ماجالى قالمىدى.

ئەمدى سېنىڭ مۇئمىنلىرىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىگىسى ئەمەس ئىدى! زامان ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۇلار بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئۇلار ئېقىۋاتقان ئېقىنلاردىكى ئەخلەت - چاۋارغا ئايلىنىپ، ئوڭ - سولغا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتىدۇ. بەزىلەر، ساڭا ۋە سەن تەمسىل قىلىۋاتقان قىممەتلەرگە خىيانەت قىلىشنى « پاراسەت » دەپ بىلمەكتە.

بىر زامانلار كۆپپارلارنىڭ ئاچلىرىنى تويغۇزغانلار، ئەمدى بولسا كاپىرلارنىڭ نېنىغا موھتاج بولۇپ قالدى.

بىر زامانلار باشقىلارنىڭ يارىسىنى تاڭغانلار، ئەمدىلىكتە ئۆز يارىسىنى تاڭغۇدەك دەرمانى يوق.

بىر زامانلار ئىمانىنى يۈتۈم - يۈتۈملاپ باشقا قىتئەلەرگە ئېلىپ بارغانلار، مانا بۈگۈن يۈرەكلىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىنى توسۇشقا ئاجىز.

سېنىڭ مەۋجۇدىيەت سەۋەبىڭ بولغان قۇرئان بىلەن يۈكسىلىشنى بەجا كەلتۈرەلمىگەنلەر، بۇ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىدىنلا ئۇلۇغ بولغان قۇرئاننى ئۇلۇغلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا پارا بېرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. كۆردۈڭمۇ ئى رامىزان! مۇسۇلمانلار قۇرئان تۇغۇلغان ئاينى مۇبارەكلىشىدۇ، ئەمما قۇرئان ھاياتىدا، قوللىرىدا، ئۆيلىرىدە، كوچىلاردا، تۇپراقلىرىدا يوق . . .

ئى رامىزان! بۇ ئېزىلىش، بۇ قىرىلىش، بۇ تۆكۈلۈش ۋە بۇ مەغلۇبىيەت ۋە گاڭگىراشلىق ئىچىدە تولغىنىۋاتقاندا، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ!

خۇش كەلدىڭ. ئەمما خۇشاللىق تاپالمىغانلىقىڭ ھەممىگە ئايان. لېكىن سېنىڭ كېلىش مەقسەتلىرىڭدىن بىرى، خۇشاللىق تاپالمىغانلارنى خۇش قىلىش ئەمەسمۇ؟

قېنى ئەمسە، ئېلىپ كەلگەن جەننەت خۇش ـ ھىدلىرى بىلەن تۇپراقلىرىمىزنى قاپلىغان بۇ بەتبۇي پۇراقلارنى يوقاتقىن. چۆلگە ئايلانغان يۈرەكلىرىمىزدە بىر رەھمەت شامىلى بولۇپ چىققىن. چاڭقاپ يېرىلغان لەۋلىرىمىزگە سۇ تەگسۇن، چۆللەر كۆلگە ئايلانسۇن!

مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى نەپرەت، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا ئىمان قېرىنداشلىق ئۇرۇقىنى چاچقىن.

كۆنىمىزدە ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم قالغان ئەھلى ئىسلام ئالىمىدە قاناۋاتقان يارىلارغا مەلھەم بولغۇدەك بىر ئاڭ ـ چۈشەنچە ئېلىپ كەل! ئاچلارنى تويغۇزىدىغان، ئۇسسۇزلارنى قاندۇرىدىغان، يېلىڭلارنى كىيىندۈرىدىغان بىر شەپقەت ۋە مەرھەمەت يامغۇرى ئېلىپ كەل! خارلىقنى ئىززەتكە، ھۇرۇنلۇقنى غەيرەتكە، يوقسۇللۇقنى بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان بىر روھ بەر!

ئۆزىمىز جىسىملاشتۇرغان قۇرئان، سېنىڭ بىلەن بىرگە بىزنى قايتىدىن بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسۇن! بىزلەر دەۋرىمىزنىڭ مەھسۇلى بولغان شەخسىيەتچى كىشىلەردىن ئەمەس، قۇرئان بەرپا قىلغان مۇئمىن كىشىلەردىن بولايلى. ئىنسانىنىڭ مەۋجۇتلۇق غايىسىگە ماس كېلىدىغان ھاياتنى قايتىدىن بەرپا قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلايلى.

ئىماننى، قايتىدىن بەخت گۈلى قىلىپ، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يەتكۈزەيلى.

شۇنداق بولسۇنكى، بىزنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەنلەر بىزدە تىرىلسۇن! دوستلىرىڭ ئۆلتۈرگان يېرىنى كۆكەرتىدىغان بىر « خىزىر »، ھىدايىتى ئىمان تۇغىدىغان بىرەر « مەھدى » بولسۇن!

بىلىمەن، بۇ دۇئايىمغا « ئامىن! » دەيدىغانلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا سەن بار، ئى رامىزان!

قۇرئانىنىڭمۇ قولىدىن يېتىلەپ كەلدىڭ، خۇش كەلدىڭ!
ئاھ! بىر بىلسەڭ، خۇشاللىق تاپقانلىرىڭ ئارىسىدا بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم!

# 2 ـ باب رامـزان شاهـتـم بولسۇن

# 2-باب رامىزان شاھىتىم بولسۇن

ۋاقىت ـ پۈتۈن يارىتىلىشنى مەنىگە ئىگە قىلغان ئۆزگىچە مەخلۇقتۇر. شۇڭا قۇرئان ۋاقىتنىڭ ئوخشىمىغان تىلىملىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ قەسەم قىلىدۇ.

قۇرئان ـ ئىنسان ئۈچۈن « ھاياتلىق » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىتقا نىسبەتەن ئىنساننىڭ دىققەت قىلىشىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە، ۋاقىت ئۈستىدە بۇنچە كۆپ قەسەم قىلىدۇ. جاپا تارتماي ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قەدرى ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان ۋاقىتقا دىققىتىمىزنى بۇرايدۇ.

ئەمما بۇ قەسەملەرنىڭ بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان مەنىسى ـ زاماننى شاھىت قىلىش. « ۋەلئەسىر »، «زامان شاھىت بولۇپ تىلغا كەلسۇن » دېگەنلىك بولىدۇ. ئى! ۋاقىتقا مەھكۇم ئىنسان، ۋاقىت سېنىڭ شاھىتىڭ، ئۇنۇتما. سەھەر، ئاخشام، كېچە، كۈندۈز، چۈش، شەپەق، كۈن، ئاي تىلغا كېلىدۇ ۋە رامىزان تىلغا كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ۋاقىت شاھىت بولۇپ تىلغا كەلسە، نېمە دەر؟

بەزىلەر ئۈچۈن « ئۇ مېنى تۇتتى، لېكىن مەن ئۇنى تۇتمىدىم » ئى رەببىم، دەيدۇ. بەزىلەر ئۈچۈن « ئۇ مېنى تۇتتى، مەنمۇ ئۇنى تۇتتۇم! » ئى رەببىم، دەپ شاھىت بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۈچۈن « ئۇ مېنى تۇتمىدى، مەنمۇ ئۇنى تۇتمىدىم » دەيدۇ. بىز بۇلاردىن قايسىغا تەۋە؟ رامىزان بىز توغرىلىق رەببىگە نېمىلەرنى دەيدۇ؟

ۋاقىتنىڭ بەزى تىلىسىملىرىنى ۋەھىي ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا قەدىر كېچىسى كېلىدۇ. قۇرئانغا كۆرە « مىڭ ئايدىنمۇ خەيرلىكتۇر ». قەدىر كېچىسى مۇبارەك بولۇشىنى، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان كېچە بولغانلىقىدىن ئالىدۇ. بۇ كېچىنىڭ رامىزان ئېيى ئىچىدىكى كېچىلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى، يەنە قۇرئان بەرگەن بايانىدىن بىلىمىز.

ئۇنداقتا، رامىزان روزىسى، بىر مەنىدە قۇرئان تۇغۇلغانلىقىنىڭ تەبرىكلىنىشىدۇر. رامىزان بۇ سەۋەبتىن « قۇرئان ئېيى ».

قۇرئاننىڭ قايسى كۈن ياكى كېچە تۇغۇلغانلىقى نامەلۇم بولغان كېچىنى قويىندا ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە كۈننى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن رامىزان يەنە كەلدى. ئۇنداقتا، رامىزاننىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى بولغان قۇرئانمۇ كەلدىمۇ؟

رامىزاننى ئىدراك قىلغان ھەر مۇئمىن بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سورىشى، ھاياتىدا قۇرئاننىڭ قانچىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىگە قاراپ چىقىشى كېرەك. تۇغۇلغان كۈننى كاتتا ھەشەمەت بىلەن كۈتۈۋالغان كۆز نۇرى « باللار » ئۆزى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشى كېرەك. قۇرئانسىز بىر رامىزان روزىسى تۇتۇشنىڭ گويا بالىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەندەك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشى كېرەك.

« ئى رامىزان! » كەلگەندە، ئاشىقسىزلىقتىن چۆلگە ئايلانغان يۈرەكلىرىمىزگە، قۇرئاننىڭ رەھمەت بۇلۇتلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگىن، دېيىشىمىز كېرەك. ئۇخلاۋاتقان ئىدراكلىرىمىز قۇرئاننىڭ شىپالىق ساپ ھاۋاسى بىلەن ئويغانسۇن. سېغىنمىغان، ئېچىشمىغان، يىغلىمىغان، كۆيمىگەن يۈرىكىمىز سېغىنسۇن، ئېچىشسۇن، يىغلىسۇن ۋە كۆيسۇن. ھەمدە ئىنسان، ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ چىقىدىغان سەپىرىدە، كۆڭۈل گىرۋەكلىرىگە چىڭ يېپىشىپ، قەلب دۇنياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقسۇن.

بۇلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن رامىزاننىڭ مەشرەپكە ئايلىنىشىنىڭ ۋە « ئورۇقلاش ئېيى »غا ئۆزگەرتىۋېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. رامىزاننى مەشرەپكە ئايلاندۇرغانلار روزا ھېيتىنىمۇ « كەمپۈت بايرىمى »غا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، رامىزان « جىسمانىي جەھەتتىن كىچىكلەپ، روھى جەھەتتىن يۈكسىلىش » توغرىلىق تەلىم بېرىلگەن بىر زامان تىلىمىدۇر.

رامىزان روھى دۇنيانىڭ ئوزۇقلىنىش مەزگىلى. شۇڭا، بۇ ئايدا ئىنساننىڭ ھايۋانىي تەرىپى ـ نەپسى، ئىچكى تۇيغۇلىرى، شەھۋىتى، خۇمارى ۋە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش خىرىسى ئارقىغا ئېلىنىپ، ئىنسانىي تەرىپى ئالدىغا چىقىرىلىدۇ.

رامىزان يىلدا بىر قېتىم روھى دۇنيانى پەرۋىش قىلىدىغان ئاي. روزا، ئىنسان قەلب دۇنياسىغا قاراپ يولغا چىقىدىغان سەپەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر ۋاسىتىسى . قەلبكە، يەنى ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قىلىدىغان سەپىرى. ئەگەر، بۇ سەپەرنى داۋام قىلىشقا بەل باغلىسا، ئۇ يەردە ئۇچرىشىدىغىنى يەنە ئۆزى بولىدۇ. ئەڭ تەبىئىي، نىقابسىز، يېلىڭ ھالدىكى ئۆز شەخسىيىتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ئىنسان، بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بىلىشىدۇ، تونۇشۇپ چىقىدۇ ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۇنيادىكى « مەن » بىلەن ئەپلىشىدۇ. يەنى « سىلم ( تىنچلىق ) »، تەسلىمىيەت ۋە سالامەتكە ( نىجادلىق )قا ئېرىشىدۇ. ئۆزى بىلەن چىقىشالىغان كىشى، شۈبھىسىز، ھەقىقەت بىلەنمۇ چىقىشالايدۇ. ئۆزى بىلەن چىقىشالمىغان ( فىترىتىگە ياتلاشقان ) كىشى، ئاللاھتىن تارتىپ ھەقىقەت بىلەن، تەبىئەت بىلەن، ئىنسانىيەت بىلەن جېدەللىشىپ تۇرىدۇ.

ياشاۋاتقان بۇ كۈنلەردە، شۇ خەتەرلىك ۋە تېيىلغاق زاماندا، ھەممىمىز ساختا ۋە سۈنئىي كۈن تەرتىپ يامغۇرى ئاستىدا ئۆزىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇۋاتىمىز. مانا پۇرسەت يېتىپ كەلدى.

رامىزان! توغرا ۋە ئىلاھىي كۈنتەرتىپ. ھەتتا رامىزان شاھىتىمىز.

« رامىزان شاھىت بولسۇنكى، مەن ئۇنى، ئۇ مېنى تۇتتى! » دېيىشنى

كىم ئارزۇ قىلمايدۇ دەيسىز؟

## ئايلارنىڭ سۇلتانى كەلدى، كۆڭۈل سارىيىم خاراب

رامىزاننى ئايلارنىڭ سۇلتانى قىلغان ۋەھىينىڭ ئۇ ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىشىدۇر.

رامىزاننى قۇرئان ئىيى دەپ بىلىپ تەسەۋۋۇر، ئەقىل، شەخسىيەت ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھاياتنى قۇرئان بىلەن يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش، رامىزان بىلەن يۈزەكى ئەمەس، ماھىيەت جەھەتتىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقتۇر. چۈنكى ۋەھىي ـ ئىنساننى يارىتىلىش مەقسىتىگە يۈزلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ئىلاھىي لايىھە . يۈقىرىدىكى ئوخشىتىشنى نەزەردە تۇتساق، قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن بىر مەكتۇپ. بۇ مەكتۇپتا ئادەم بالىلىرىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتىنىڭ فورمۇلاسى يېزىلغان.

ئاللاھتىن كەلگەن مەكتۇپقا يۈزەكى مۇئامىلە قىلغان كىشى بىلەن چىن دىلىدىن مۇئامىلە قىلغان كىشى ئوخشاش بولامدۇ؟ ياكى ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن مەكتۇپنى يۈزەكى ئوقۇغان كىشى بىلەن تېگىدىن مەنىسىنى چۈشۈنۈپ ئوقۇغان كىشى ئوخشاش بولامدۇ؟ ۋە ياكى ۋەھىينىڭ كونۋېرتىغا قاراش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئىچىدىكى مەزمۇن بىلەن كارى بولمىغان كىشىنىڭ ۋەھىيگە تۇتقان مۇئامىلىسى سىزچە قايسى تۈرگە كىرىدىغاندۇ؟

خۇلاسە قىلساق، كىشى ئىنساننى مەقسىتىگە ماس ھالدا بەرپا قىلغۇچى ئىلاھى لايىھە بولغان ۋەھىي بىلەن يۈزەكى شەكىلدە مۇناسىۋەت قۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ يۈزەكى بولىدۇ، ماھىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھتىن كەلگەن مەكتۇپنىڭ كونۋېرتىغىلا ئەھمىيەت بەرگەن كىشىنىڭ مۇئامىلىسىگە ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھقا ئەۋەتىلگەن جاۋاب خەتكە ئوخشايدىغان ئىبادەتلىرىنىڭمۇ ئىچى بوش بولىدۇ.

ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

قىلىدىغان ئىش ناھايىتى ئېنىق. رامىزاننى بىر پۇرسەت دەپ قاراپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى بولغان ۋەھىي بىلەن چىن دىلىمىزدىن

مۇناسىۋەت قۇرۇشىمىز كېرەك. ۋەھىينىڭ يېتەكلىشىگە ئۆزىمىزنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن، بەدەن ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلب، ئىرادە ۋە روھقا ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشى لازىم. روزىنىڭ مەقسىتىنىڭ دەل بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

مۇسۇلمان كىشىلىك خاراكتېرىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قۇرغۇچى ئامىللىرىدىن بىرى بولغان رامىزاننىڭ بۇ خىل رولىنى قايتا تىرىلدۈرۈش، ئۇنىڭ قۇرئان ئېيى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋەيران قىلىنغان مۇسۇلمانچە دۇنيا قارىشىمىز قايتىدىن شەكىللەنمىگىچە، گۇمران قىلىنغان بەشەرى جۇغراپىيىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقالمايمىز. ئۇقۇملار توغرا مەنىگە ئىگە بولالمىسا، ئەمەللىرىمىزمۇ توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر رامىزان كېلىپ ۋەھىي كەلمىسە، رامىزاننىڭ روھىنى ئۆلتۈرگەن بولىمىز.

سەۋەبى ئېنىق. چۈنكى ۋەھىي، ئايلار سۇلتانى مېھمان بولىدىغان قەلب سارىيىمىزنى مۇستەھكەملەيدىغان، ئۇ يەرنى ئوڭشايدىغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇستا. قەلبىمىزگە بۇ ئۇستىنىڭ قولى تەگمىسە، قەلب سارىيىمىزدا سۇلتاننى كۈتۈۋېلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

سۇلتان كېلىدۇ، خۇش كېلىدۇ. لېكىن بىزدىن خۇشلۇق تاپالمايدۇ ياكى بوش تاپىدۇ ۋە ياكى ناخۇش تاپىدۇ. بۇ رامىزاندىن ئىبارەت تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئاللاھ بىز ئىنسانلارغا رامىزاندىن ئىبارەت نېمەتنى بەرسە، قەدرىگە يەتمەي

ئۇنى هاپىلا ـ شاپىلا خەجلەپ تۈگىتىۋېتىمىز.

بۇ نۇقتىسىدا ئىبادەتنى ئۆلۈك ۋە تىرىك ئىبادەت دەپ ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆلۈك ئىبادەتلەر مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئۇ ئىنساننى مىندۇرۇپ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان بۇراق تۇلپار ئەمەس، ئەكسىچە

ئىنسانىنىڭ ئۆشىنىسىگە ئارتىلغان بىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. ئىبادەتنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغاندا، ئىنسان ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ تەمى يۈرەك دىماغلىرىغا يېتىپ بارمايدۇ. بېشىدىن چۈرۈپ تاشلىۋېتىشى كېرەك بولغان بىر نەرسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئايلار سۇلتانىنى بالدۇرراق قۇتلۇلۇش زۆرۈر بولغان بىر نەرسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشنىڭ قانداق خەتەرگە باشلايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇنداق بىر سارايي ئىگىسىدىن ئىلاھى مېھمان قانداقمۇ رازى بولسۇن؟ بۇ قەلب ئۇچۇن رامىزانمۇ بولمايدۇ. ئۇ قەلبتە مەڭگۈلۈك بىر لەززەت قالدۇرماستىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىنى ئويلاپ بېقىڭ. ئەگەر مېھمان سۇلتانغا لايىق بىر كۈتۈۋېلىنسا، ئۆي ئىگىسى مېھماننى رازى قىلسا، بۇ ئېزىز مېھمانمۇ ئۆي ئىگىسىنى ئۇنىڭغا يارىشا خۇشال قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، ئېلىپ كەلگەن چەكسىز بەرىكەتتىن تېگىشلىك ھەققىنى بېرىدۇ. ئۇ بەرىكەت بىلەن چۆلگە ئايلانغان قەلبلەر كۆلگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بەرىكەت بىلەن ئېچىرقاپ جان تالىشىۋاتقان روھلار ھوشىغا كېلىدۇ. ئۇ بەرىكەت بىلەن ئىمان قولىمىز، پۇتىمىز، كۆزىمىز، قۇلىقىمىز ۋە تىلىمىزغا ئايلىنىدۇ.

كۇفرىغا قارشى تۇتقان روزامنى بۇزسام، كاپارىتىم جەھەننەم بولسۇن!

گويا سامادىن ئۇزانغان بىر قول، دۇنيانىڭ يېتىمى ئەڭ كۆپ، ئىگە ـ

چاقىسىزلىرى ئەڭ تولا ئائىلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، يارىلىرىنى تېڭىۋاتقاندەك. . .

رامىزان ئىقلىمى شۇ تۇپراقلارغا ئېلىپ كەلگەن ھاۋا دىماغلىرىڭىزغا ئۇرۇلۇۋاتامدۇ؟

تاشلار باغلىنىپ ئىتلار قويۇۋېتىلگەن بۇ ئەلدە، بىر ئاي بولسىمۇ شەيتانلار باغلىنىپ پەرىشتىلەر ئەركىن ھەرىكەت قىلىدۇ.

كىم بىلىدۇ، بەلكىم رامىزاندىن رامىزانغا ئىشكى قېقىلىدىغان

قانچىلىغان غېرىبلارغا: قورسىقى ھەر رامىزاندا تويغۇدەك تاماق كۆرىدىغان سانسىز مىسكىنلەرگە: باش پاناھى يوق ئىگە - چاقىسىزلارغا باش - پاناھ بولىدۇ رامىزان.

ئېيتىپ بېقىڭچۇ، ئەگەر رامىزان بىر كىشىنىڭ ئىسمى بولغان بولسا،

قانچىلىك دۇئا ئالغان ۋە ياخشى كۆرۈلگەن بولاتتى؟ بۇ دۇئالار ۋە سۆيگۈلەر / مۇھەببەتلەر ئۇنىڭغا جەننەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىشقا يەتمەسمىدى؟ ئۇنداقتا، مانا پۇرسەت، رامىزان بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ پۈتۈنلىشىپ ئاخىرەتكە رامىزان بولۇش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە.

پاك - پاكىز بىر سەۋدانى، ئىچىدە بىر بوۋاقنى باققاندەك ئاسراپ چوڭ قىلغانلار ئۇچۇن، رامىزاننىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇر. ئۇلار رامىزاننىڭ كۆپچىلىككە بولغان تەسىرىگە قارايدۇ، ئالالاھنىڭ قەلبلەرنى تەسەررۇپ قىلغۇچى كۈچىنى كۆرىدۇ ۋە ھاياتى بەدىلىگە يەنە بىر قېتىم قەسەم ئىچىشىدۇ.

مۇھەببەتنىڭ مودىسىنىڭ ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى، مودىدىن

قالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشقا جاسارىتى ئاشىدۇ. بارلىق ساداقەتمەن ئاشىقلارغا خىتاب قىلىپ: سەۋدايىڭىز، ھىجرانىڭىز ۋە ئىشقىڭىز مۇبارەك بولسۇن! دەيدۇ.

يېڭىشەھەرلىك ئاۋنى ئەپەندىم، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس مىسرالىرىدا مۇنداق

دېمىگەنمىدى:

سانما تالەب ـ ئى دەۋلەت ـ ئى جاھ ئەتمەغە گەلدىك،
بىز ئالەمە بىر يار ئىچىن ئاھ ئەتمەغە كەلدىك.

يەشمىسى :

قالمىغىن ئويلاپ تاج ـ تەخت ئۈچۈن كەلدۇق،
بىز ئالەمگە بىر يار ئۈچۈن ئاھ ئۇرغىلى كەلدۇق،

ئەي ئۇستازىم، بىز ئالەمگە بىر يار ئۈچۈن ئاھ ئۇرغىلى كەلدۇق، ئەيۋاللاھ!

بۇ ئالەمگە « ساھىب بولۇش » ئۈچۈن كەلدۇق، دەپ ئويلاپ قالغانلار كۆچىنىڭ، پۇلىنىڭ، ئايالىنىڭ، سېرىقىنىڭ، ساپىنىڭ، سامانىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئۆمۈر چېپىپ ئۆتىدۇ. بىز « شاھىت بولۇش » ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىز دۇنياغا ئالەمگە بىر يار ئۈچۈن ئاھ ئۇرغىلى كەلمىدۇقمۇ؟ ئاھ ئۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا كۆرگەنلەر، بىزنى شىكايەتچى، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن! بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمىزنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بۇ. جاپا تارتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلار، كەيپ ـ ساپا سۈرۈۋاتىدۇ دەپ چۈشۈنۈپ قالغانلارمۇ خاتالىشىپ قالىدۇ. بۇ ئالەمگە بىر يار ئۈچۈن ئاھ ئۇرغىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنلەردىن بىرى بولغان، ھېلىقى ئەربىللى ئەسەد ئەفەندىم مۇنداق دېمىگەنمىدى:

گۆرەن سانىر كى سەفادان سەما ـ ئى راھ ئەدەرەم،
دۆنەر ـ دۆنەر باقارام كۈي ـ ئى يارە ئاھ ئەدەرەم.

يەشمىسى:

كۆرگەنلەر دەيدۈكى كەيپتىن ساماني قىلدىم ئۆزۈمگە ھەمراھ،
پىرقىراپ پىرقىراپ قارايمەن ئىشقىمنى يارغا داد ئەيلەيمەن.

ئەي دوستۇم! سەن پىرقىراۋاتقانلارنى ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ خاتالىشىپ قالىسەن. بەزىلىرى ئىشنىڭ كەيپىگە قارايدۇ. ئەمما بىر يار ئۈچۈن ئۇھ تارتقانلار، يار يولىغا قاراپ « ئۇھ » تارتىپ پىرقىرايدۇ.

بەزى بەتبەختلەرگە رامىزان ھېچ كەلمىدى. ئىسىت! بەزىلەرنىڭ بوسۇغىسىغىچە كەلدى، دېرىزىدىن ئۆي ئىچىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىشىكىنىمۇ قېقىپ قويماستىن قايتىپ كەتتى. بەزىلىرىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى، لېكىن ئاچمىغانلىقى ئۈچۈن رامىزاندىن ئايرىلىپ قالدى. بەزىلىرىنىڭ يۈرەك خانىسىگە كىردى، كىرىپ سالغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى. چۈنكى ئۇ يەرنى رامىزاندىن ئىبارەت بىر ساماۋى مېھمانغا لايىق تەييار قىلمىغانىدى. كېتىدىغان كۈننى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ. بەزىلىرىگە بىر كەلدى پىر كەلدى. كەلدى ۋە ھېچ كەتكۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، كەتمىدى. بىر ئايلىق ئۈچۈن كەلگەنىدى، ئەمما كەلگەن يېرىدە شۇ قەدەر

ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆردى، شۇنداق قىزغىن كۇتۇۋېلىنىدى ۋە ياقتۇرۇپ قالدىكى، ئۆي ئىگىسى مېھماندىن، مېھمان ئۆي ئىگىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى.

مانا بۇ ئاخىرىدىكى كىشىلەرنىڭ رامىزىنى مۇبارەك بولدى، ھاياتى

رامىزان بولدى. شاھىت بولدى ۋە شاھىت تۇتتى. گۇناھ روزىسىنى ھېچ بۇزۇپ قويمىدى. ھارامغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدىغان روزىغا نىيەت قىلدى ئۇلار. « كۇفرى ۋە شېرىككە قارشى تۇتقان روزامنى بۇزسام، كاپارىتىم جەھەننەم بولسۇن!» دېيىشتىلەر.

ئۇلار روزىنى تۇتتى، روزىمۇ ئۇلارنى كۆتۈردى. پەقەت روزا تۇتۇش بىلەنلا

قالمىدى، ئۆزلىرىنىمۇ تۇتتى. يەنى ئۆزلىرىنى يىتتۈرۈپ قويمىدى، كىشىلىكىنى دوغا تىكمىدى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلار روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتتى، روزىمۇ ئۇلارنىڭ بېشىنى تىك تۇتتى.

## رامىزان بىلەن كەيپى قاچقان شەيتانلار

رامىزان روزىسىنىڭ ھاياتىمىزنىڭ ۋە ئاممىنىڭ قىل تومۇرلىرىغىچە سىڭىپ كىتىدىغان بىر خىل تەبىئىتى بار. كۈندىلىك ھاياتنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئوربىتىسىدا ئايلاندۇرىدۇ. يەپ ـ ئىچىشكە ئوخشاش ئەڭ تەبىئىي ۋە ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئادىتىمىزنى تەرتىپكە سالىدىغان رامىزاننىڭ، ھاياتىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى ناھايىتى نورمال .

بۇ مۇبارەك ئاينىڭ مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە قالدۇرغان تەسىرى شۇنداق

چوڭقۇر بولۇپ، جەمئىيەتتىكى دىندىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. رامىزان جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك چۈشەنچىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا بەلگىلىك شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى كىشىلەرگە تومۇرىدىن كىرسە، يەنە بەزى كىشىلەرگە ئاشقازىنىدىن كىرىدۇ ۋە « مەن كەلدىم! » دەپ ئۆزىنى ھىس قىلدۇرىدۇ.

كۈپۈر پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلار، ئۇنىڭ بۇ چوڭقۇر تەسىرىدىن قاتتىق

بىئارام بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز « رامىزاندا شەيتانلار باغلىنىدۇ » دېگەنىدى. دېمەك، شەيتان بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلغانلار، يولباشچىلىرىنىڭ كىشەنلىنىشىدىن بىئارام بولىدۇ. شەيتانلار كىشەنلەنگەن جايلاردا پەرىشتىلەرنىڭ ئىشى ئاسانلىشىدۇ. رامىزاننى ھەممەيلەن ئۇچۇن بەرىكەتلىك قىلغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك.

رامىزان پەقەت مەدەنىيىتىمىزنىڭ بەرپا قىلغۇچى ئامىلى بولۇپلا قالماستىن،

يەنە مۇسۇلمانلىق شەخسىيىتىمىزنىمۇ شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللىرىدىن بىرى. رامىزاننىڭ بۇ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق

مۇئامىلە قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك .

رامىزان بىلەن يۈزەكى مۇناسىۋەت قۇرغانلارغا رامىزاننىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى رولىمۇ يۈزەكى بولىدۇ. رامىزاننىڭ تەسىرى، كىشىنىڭ تېرىسىدىن ئۆتۈپ كىشىلىكىگە تەسىر قىلالىشى ناتايىن.

ئىبادەتلەر بەندە ئاللاھقا ئەۋەتكەن سالام خەتكە ئوخشايدۇ. ئىبادەتلەر بىلەن يۈزەكى مۇناسىۋەتتە بولغانلار،خۇددى ئۆلارنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرەلمىگەن ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئۆز روھىغا سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلب ئىشىكىنى ئاچمىغان، ئاللاھقا ئىچى بوش كونۋېرت ئەۋەتكۈچىگە ئوخشايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ يوقتىن ياخشى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن بۇ سەممىيەتسىزلىكنى ئىپادىلەيدۇ. سىز ياخشىلىق قىلغان بىرىدىن سالام خەت تاپشۇرۇپ ئالدىڭىز دەيلى : كونۋېرتنىڭ ئىچى قۇرۇق، خەت بولمىسا نېمە دەپ چۈشىنىسىز؟

ئىبادەتلەر بىلەن يۈزەكى ئەمەس، نېگىزىدىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلار، كونۋېرتنى ئىچى بوش ھالدا ئەۋەتمىدى دېگەنلىك بولىدۇ. رامىزان بىلەن يۈزەكى ئەمەس، نېگىزىدىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، رامىزاننىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبى بولغان ۋەھيي بىلەن چىن يۈرەكتىن مۇناسىۋەت قۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى رامىزاندا قۇرئان تۇغۇلغان ئاي تەبرىكلىنىدۇ .

قۇرئان تۇغۇلغان ئاينىڭ روزا بىلەن تەبرىكلىنىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. روزا، روھنىڭ غىزالىنىشى ئۈچۈن، بەدەننىڭ ئاچ قويۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئاڭ ـ تۇيغۇلىرىمىزنى ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبىمىزنىڭ ئىلكىگە

قويۇپ بېرىش ئۈچۈن، شەھۋانىي ئىچ تۈيغۇلارنىڭ ئاسارىتىدىن / تەسىردىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. مەنىۋى ئىنسانىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ماددىي ئىنسانىنى ( بەشەر ) ئارقىغا ئىلىشىمىز كېرەك.

رامىزاننى قۇرئان ئېيى دەپ بىلىپ، تەسەۋۋۇر، ئەقىل، كىشىلىكىمىز ۋە ھاياتىمىزنى قۇرئان بىلەن يېڭىدىن تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، رامىزان بىلەن يۈزەكى ئەمەس، چۈشىنىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك. چۈنكى، ۋەھىي ـ ئىنساننى يارىتىلىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە تەربىيەلەيدىغان ئىلاھىي لايىھە . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قۇرئان ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن بىر مەكتۇپ. بۇ مەكتۇپتا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتىنىڭ فورمۇلاسى پۈتۈلگەن .

ئاللاھ تىن كەلگەن مەكتۇپ بىلەن يۈزەكى مۇناسىۋەت ئورناتقانلار بىلەن چىن يۈرەكتىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ياكى ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن مەكتۇپنى يۈزەكى ئوقۇغان كىشى بىلەن نېگىزىدىن ئوقۇغان كىشى باراۋەر بولامدۇ؟ ۋە ياكى ۋەھىينىڭ پەقەت كونۋېرتى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەكتۇپ بىلەن كارى بولمىغان كىشىنىڭ ۋەھىيگە بولغان مۇئامىلىسى قانچىلىك سەمىمىي بولىدۇ؟

خۇلاسە كالام، ئەگەر ئىنسان ئىلاھىي لايىھە بولغان ۋەھىي بىلەن مۇناسىۋىتىنى يۈزەكى قىلغان بولسا، ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمۇ يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ. يەنى ئاللاھ تىن كەلگەن مەكتۇپ بولغان ۋەھىينىڭ پەقەت كونۋېرتىغىلا قارىغان؛ ئاللاھقا يوللىغان جاۋاب خېتى بولغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىنىمۇ قۇرۇق قويغان بولىدۇ.

قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئېنىق: رامىزاننى پۇرسەت بىلىپ ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى بولغان ۋەھيي بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن ئالاقە قۇرۇش. ۋەھيينىڭ تىرىلدۈرگۈچى ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن، دائىم ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بەدەننى ئەقىل يۇرگۈزىدىغان قەلب ، ئىرادە ۋە روھنىڭ ئارقىسىغا ئېلىش كېرەك. روزىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەسلىدە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

رامىزاندا شەيتانلار كىشەنلەنگەندىن كېيىن، شەيتاننىڭ تەرەپدارلىرى بىئارام بولىدۇ. دۆلەت ( ھاكىمىيەت ئىچىدە )، سىياسەت، ئەمەلدارلار، مائارىپ، ئىقتىساد ۋە بولۇپمۇ ئاممىۋي تاراتقۇلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن شەيتان تەرەپدارلىرىنىڭ كەيپى قاچىدۇ. پىرى بولغان شەيتان باغلىدى، دەپ رامىزانغا نەشتىرىنى سانجىيدۇ. بۇ دۈشمەنلىكنى بەزىلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلسا، بەزىلىرى مەخپىي قىلىدۇ. بەزىلىرى شەيتاننىڭ بايناتچىسى بولسا، بەزىلىرى شەيتاننىڭ ئەسكىرى، بەزىلىرى ئادۋوكات، بەزىلىرى دەسمايىچىسى، بەزلىرى قورۇقچىسى بولىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، رامىزان شەيتانلارنىڭ كەيپىنى قاچۇرىدۇ. ئۇ بولسا مۆجىزىۋى بىر ئايرىغۇچىدۇر: كاپىرنىڭ گۇمراھلىقىنى، مۇناپىقنىڭ مۇناپىقلىقىنى ۋە مۆمىننىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ.

# 3ـباب قۇرئان ئېيى رامىزان

## ئى تالىپ ! قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن رامىزاننى قۇرئان بىلەن كۈتۈۋال!

خەندەكتە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ مۇسۇلمان ئاچ قورساق ھالەتتە خەندەك كولاۋاتاتتى. بەزى ئورەكلەردىن قورام تاشلار چىقاتتى. ئالەملەرگە رەھمەت سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىردەم ئۇ خەندەكنىڭ يېنىغا، بىردەم بۇ خەندەكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرسە، يەنە بەزىدە بازغاننى قولىغا ئېلىپ قورام تاشلارنى پارچىلاشقا ياردەملىشەتتى.

خەندەك كولاش كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلماقتا ئىدى. قوبۇل قىلىنىدىغان دۇئانىڭ سەۋەبى قوشۇپ قىلىنغان دۇئا ئىكەنلىكىنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئەڭ ياخشى بىلەتتى. يەنە شۇنداق بىر سەھنە. قاپقارا گىرانىت تاشلارغا ئۇرۇلغان بازغان زەربىسىدىن بەزىدە كىچىك ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چىقارسا، بەزىدە بۇ ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاي نۇرىدا خەندەك كولاۋاتقان ساھابىلەرنىڭ يۈزىنى يورۇتاتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، قورسىقىنى تويغۇزغىدەك ئوزۇقلۇقى بولمىغان بۇ كىشىلەرگە ئادەتتە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان خۇش ـ بېشارەتلەرنى بېرەتتى:

ـ بۇ ئۇچقۇننىڭ يورۇقلۇقىدا يەمەننىڭ بۇرچلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن!

تاشقا يەنە بىر بازغان ئۇرۇلدى ۋە ئالدىنقى قېتىمقىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئوت ئۇچقۇن چىقتى:

ـ بۇنىڭ يورۇقىدا كىسرانىڭ مەدائىن سارايلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن!

ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىدىكى بازغان ئۈچىنچى قېتىم گىرانىت تاشقا ئۇرۇلدى ۋە يەنە ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىدى:

ـ بۇ ئۇچقۇن نۇرىدا سۈرىيە تەرەپنىڭ يورۇقلۇقىدا چىققانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن!

ئىنسانلىق شاھىت بولغان ئەڭ بۈيۈك ئىمان ھەرىكەتلىرىدىن بىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان مۇبارەك پەيغەمبەرنىڭ، ئالدىنقى كۈندىن باشلاپلا ئاغزىغا بىر لوقما كىرمىگەنلىكىنى بىلىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ، بۇ خۇش ـ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا زەررىچىلىك گۇمانى يوق ئىدى. ئۇلار ئىمانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىمكان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە بۇنى ئېنىرگىيەگە ئايلاندۇراتتى. ئەگەر ئۇ يەردە بىر ئىستراتېگىيەچى بولغان بولسا، بۇ خۇش ـ بېشارەتلەرنى ھەرگىزمۇ « ئەقىلگە ئۇيغۇن » دەپ قارىمىغان بولاتتى.

بىراق سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ خۇش ـ خەۋەرلىرى، ھەتتا ئاشۇ كۈندىن 20 نەچچە يىل ئۆتمەستىنلا ئۇنىڭدىن ئاشقان ھالدا ئەمەلگە ئاشتى. تارىخ ھەقنىڭ ھامىنى ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولمايدىغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم شاھىت بولدى.

ـ سەن ئەمەس، تاغلار سىلكىنسۇن!

ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنىغا قىلغان خىتابى ئىدى بۇ.

ـ شۇنداق، سەن ئەمەس تاغلار سىلكىنسۇن، ئەمما سەن تەۋرىنىپ قالما، تىك تۇر، ئەگەر يىقىلساڭ، مۇنداق بىر بىسمىللاھ دە:

«ئاللاھقا ئاسىي بولغان يەردە توپان بولىدۇ ( گۇناھ بار يەردە ئاپەت بولۇر ) » دەپ قۇرۇقلۇقتا كېمە ماڭغۇزغان نوھتەك بول ۋە بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ) دېگىن .

جەنۇبنىڭ قۇدرەتلىك خانىشى بەلقىسنىڭ كۆڭلىگە بىسمىللاھ بىلەن كىرگەن ھەزرىتى سۇلايماندەك بىسمىللاھ دېگىن.

تائىف قايتىشىدا، رەھمەت قىلىنغان ئالەمنىڭ ئۆزىگە تار كەلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك « لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ! ( ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ) » دېگىن.
ئىمان گۈلخانىدا سىنالغان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك « ھەسبىيالللاھ ۋە نىمەلۋەكىل ( ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي ) » دېگىن.

ۋەزىپىسىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن « يېڭىدىن تۇغۇلۇش » قا مەھكۇم قىلىنىپ، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغان ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك « لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇم مىنەز زالىمىين! ( پەرۋەردىگارىم، سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد، بەرھەق يوقتۇر، سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم ) » دېگىن.

ۋەزىپەڭنى تاشلاپ كەتكەن بولساڭ، ئۆز ئورنۇڭغا قايت ۋە ئىنسانلارغا ئىمان، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە ئىشەنچ يەتكۈزۈشكە تىرىش. سېنىڭ قولۇڭغا

موھتاج ئىكە ـ چاقىسىز قوللار، سىنىڭ مېھرىڭگە موھتاج غېرىب كۆڭۈللەر، سىنىڭ بىر تامچە سۆيۈڭگە موھتاج قۇرۇپ قالاي دېگەن گۈللەر بار، بۇنى ئۇنۇتما.

ئاۋۋال سۆيگۈڭنى بېغىشلا، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىل. ئەڭ ئاۋۋال سۆيگۈڭنى بېغىشلا. يۈرىكىڭنىڭ يادرو ئېنېرگىيە كۈچ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما. ئۇ يەرنى ھەر تۈرلۈك ئىشغالدىن مۇھاپىزەت قىل. ئىچىڭنىڭ بىر يەرلىرىدە زەخمەت كۆرمىگەن، سۇ كىرىپ كەتمەيدىغان بىر يەرلىرىڭ بولسۇن. ھايات دېڭىزىدا بوران چىقسا، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالىدىغان جاي ئۇ يەردۇر. ئۇ يەر ئىمانىنىڭ ۋە ئىنكارنىڭ ماكانى، سۆيگۈنىڭ ۋە نەپرەتنىڭ پايتەختى، بەدەن مەملىكىتىنىڭ ئاستانىسى .

ئەقىل ئىشلىتىدىغان قەلبىڭنى كۈچلەندۈر!

قانداق قىلىپ؟

ئەلۋەتتە قۇرئان ئارقىلىق!

قۇرئان ئېيى يېقىنلاشماقتا، رامىزان قۇرئان تۇغۇلغان ئاي. پۈتۈن بىر رامىزاننى قۇرئان تۇغۇلغان ئاي، دەپ روزا بىلەن مۇبارەكلەيمىز. قۇرئان تۇغۇلغان كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇ كۈننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاينى مۇبارەكلەيمىز .

رامىزان يەنە كەلدى، ئىلگىرىكى يىللاردىمۇ كەلگەن ئىدى. ئەمما قۇرئان بىلەن كېلەمدۇ ياكى قۇرئانسىزمۇ؟

مانا بۇ ئىشنىڭ ھەل قىلغۇچ نۇقتىسى.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ھېساب كۈنىدە ئۆزىگە ئىشەنگەنلەردىن ئاللاھقا بىر ئىش توغرىلىق شىكايەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ قايسى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز ؟
رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: « ئى پەرۋەردىگارىم، شۈبھىسىزكى مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى » ( سۈرە فۇرقان 30 ـ ئايەت ). شىپاسى تېپىلمىغان كېسەلگە، ئۇ كېسەلنى داۋالىيالايدىغان تېۋىپتىن بىر رېتسېپ ئالدىڭىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. رېتسېپنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى تەييارلاپ پىيالىغا قۇيۇپ سۇينى ئىچەمسىز ياكى يادلىۋېلىپ ئەتىگەن ئاخشاملىرى تىلاۋەت قىلىپ قويامسىز؟ ياكى ئۇنى ئالتۇن خەتلىك قىلىپ يازدۇرۇپ تامغا ئېسىپ قويامسىز؟ ياكى ئۇنى ئەڭ گۈزەل مۇزىكىغا كىرىشتۈرۈپ ناخشا قىلىپ ئېيتامسىز؟ ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسىڭىزمۇ دەردىڭىزگە دەرمان بولمىسا، دوختۇردىن رەنجىمسىز ياكى رېتسېپتىنمۇ؟

سىز ھازىر جەڭ مەيدانىدا، باش قوماندان بىر ئۇرۇش پىلانى ھازىرلىدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. بۇ پىلانغا يۇقىرىدىكى كىشى رېتسېپقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسىڭىز، جەڭدە غەلىبە قىلالامسىز؟ ئەگەر يېڭىلىپ قالسىڭىز مەسئۇلىيەتنى باش قوماندانغا ئارتىپ قويامسىز؟ بۇنداق قىلسىڭىز ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولامسىز؟

شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان سۆيگۈنىڭىزدىن بىر مەكتۇپ ئالدىڭىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. بۇ مەكتۇپنى ئاچماي، ئوقۇماي قانچىلىك مۇددەت چىدىيالايسىز؟ بىر ئۆمۈر؟ ياق، بىر يىل؟ ياق، بىر ئاي؟ ياق، بىر ھەپتە؟ ياق، بىر كۈن؟ بىر كۈنمۇ بەك ئۇزۇن ،شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سۆيگۈنىڭىزدىن كەلگەن مەكتۇپنى ئېچىپ كۆرمەسلىك ئۈچۈن، بىر كۈنمۇ سەبىر قىلالمايسىز ـ يۇ، رەببىڭىزدىن كەلگەن مەكتۇپنى شۇنچە ئۇزۇن

ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئېچىپ باقمىغان بولسىڭىز، رەببىڭىز رەنجىپ قالماسمۇ؟

ھەر كۈنى نامازدا ئۇن نەچچە قېتىم ئوقۇيدىغان فاتىھە سۈرىسىنىڭ مەنىسىدىن ھازىرغىچە خەۋەرسىز بولسىڭىز، قۇرئان رەنجىپ قالماسمۇ؟

رەھمەت مەنبەسى بولغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ساڭا كۆڭۈل بۆلۈپ

چۈشۈرگەن يول كۆرسەتكۈچنى، سەن ئىنسان بالىسى تۆۋەنچىلىك بىلەن « رەببىم ماڭا نېمە دەۋاتىدۇ؟ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ ؟ » دەپ تېخىچە ئويلانمىساڭ، شەخسى، ھېسسىي، روھى، سىياسىي ، ئىقتىسادى ... ئومۇمەن ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان كېسەللەرگە ( ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ) قەيەردىن ۋە قانداق داۋا تاپالايسەن؟ قۇرئان دورىخانىسىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، مىڭ بىر تۈرلۈك كېسەللىك ئىچىدە تولغانغان بىر بىمارنىڭ، ئۆسۈملۈك ئادەمدەك ھاياتقا مەھكۇم بولۇپ قېلىشى، ئەسلىدە نېمىنىڭ جازاسىدۇر؟

سەن ئەي تالىپ ! قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن ئاينى قۇرئان بىلەن كۈتۈۋال!
سۆزلەر سۇلتانىنى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئايلار سۇلتانى بولمايتتى.

ئۇن بىر ئاينىڭ كىرى ئۇستىمىزدە. بۇ كىر قول ياكى پۇتنىڭ كىرىغا ئوخشىمايدۇ.

ئۇلارنى يۇيىۋەتسىڭىز چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ كىر يۈرەك، زېھىن، ئەقىلنىڭ كىرى، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇرنىڭ كىرى.

چۈشەنچىنىڭ كىرلىنىشى دەۋرىمىزدە ئۆزىنى دالدىغا ئالغىلى بولمايدىغان بىر كېسەللىك. چۈشەنچىسى ۋە قەلبى كىرلەنگەن ئىنسان، بۇ كىرنى قولى تەگكەن ھەر نەرسىگە بىر شەكىلدە يۇقتۇرىدۇ. سۆز، چۈشەنچە،

تۆيغۇنى كىرلىتىدۇ. كىرلەنگەن زېھىن بىلەن قۇرئان ئوقۇسا، زېھىندىكى مەينەتچىلىكنى ئۇنىڭغىمۇ يۇقتۇرىدۇ .

ئىبادەت قىلسا، ئۇنىڭدىن بىر زوق ئالالمايدۇ. بۇ خۇددى دۇنيانىڭ ئەڭ لەززەتلىك غىزاسى مەينەت بىر قاچىغا سېلىنسا، ئۇنى يېگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش .

چۈشەنچە ۋە ئەقىل، قەلب ۋە تۇيغۇ كىرىنى پاكلاش، كىرلەنگەن بىر ئورگاننى پاكلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. « يۇيىۋەتسەڭ چىقىپ كېتىدۇ » دېيەلمەيسىز. بۇ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا، ئاسان چىقمايدىغان كىر. بۇلغىنىش مەنىۋى جەھەتتىن بولغاندا، ئۇنىڭدىن پاكلىنىشنىڭ يولىمۇ مەنىۋىيەت بولىشى كېرەك .

بۇ نۇقتىدىن ئىبادەتلەر، ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پاكلىنىش يوللىرى. ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. چۈنكى، ئىنساننى ياراتقۇچى، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ھەممىدىن، ھەتتا ئىنساننىڭ ئۆزىدىنمۇ ئوبدان بىلىدۇ. خۇددى قۇرئان ئېيتقاندەك: « ياراتقۇچى ياراتىلغاننى بىلمەمدۇ؟». 

شۇڭا، ئىنساننى مەنىۋي كىر ۋە داتلاردىن پاكلايدىغان رېتسېپنىمۇ ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۇ يازىدۇ. ۋەھىي، مانا بۇ رېتسېپلاردىن تەركىپ تاپقان ئىلاھى شىپا غەزىنىسى .

ئىبادەتلەر ئۆز ئالدىغا بىر مۇددىئانى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئۇلۇغۋار غايىنىڭ بىر ۋاستىسى، خالاس .

روزىمۇ شۇلاردىن بىرى. ھەر ئىبادەتنىڭ غايىسى ۋە ھېكمىتى بار. لېكىن، بۇ غايە ۋە ھېكمەتنى، بەزىدە ئىبادەتنى پەرز قىلغان ئىلاھىي بۇيرۇقتا ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا تاپالايسىز. بەزىدە چوڭقۇر تەپەككۇر ۋە بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرۇپ ئوقۇش ئۇسلۇبى بىلەن ۋەھيىنى ئوقۇش نەتىجىسىدە ئاندىن تاپالايسىز .

روزا ئىبادىتىنىڭ مەقسىتى، بىرىنچى تۇرگە كىرىدۇ. روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان ئايەت مۇنداق باشلىنىدۇ: « ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ ( رامىزان روزىسى ) پەرز قىلىندى ». بۇ ئىلاھىي تەلىماتنىڭ ئارقىسىدىنلا روزا ئىبادىتى ئارقىلىق ئىنسانلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى بولغان غايە ئوچۇق ھالدا بايان قىلىنىدۇ: « لەئەللەكۇم تەتتەقۇن ـ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولىشىڭلار ئۇچۇن ».

شۇنداق، رامىزان روزىسىنىڭ مەقسىتى « مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى » شەكىللەندۇرۇش، ئۇنى ھەر دائىم جانلىق تۇتۇش .

كىمگە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللەندۇرۇلىدۇ؟

ئالدى بىلەن، ئىنسانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھاسىل قىلىش. چۈنكى، ئىنسان مەخلۇقاتلارنىڭ تاجى، ئاللاھنىڭ شاھ ئەسەرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان .

شۇڭا، ئۆز مەۋجۇتلۇق غايىسىنى سوراش، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى تېپىشى كېرەك. مانا بۇ ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى .

ئىنسان ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تونۇپ يەتسە، ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىمۇ تونۇپ يېتىدۇ. مانا بۇ قۇرئان ئىپادىسى بىلەن « تەقۋا »لىق بولىدۇ .

ئىنساندا مانا بۇ ئاڭ يېتىلگەندە، ئىنسان باشقا ئىنسانلارغا، تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە شەيئىلەرگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ .

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، روزا تۇتۇش ئىنساننىڭ ئۆز ئىچكى دۇنياسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاجىزلاپ كەتكەن روھنىڭ كۈچەيتىلىشى ئۈچۈن روھنىڭ تويغۇزۇلۇشى... چۈنكى، ئون بىر ئاي بويىچە بەدەنگە سىڭىنغان ھەر تۈرلۈك مەبلەغ، روھ، ئەقىل ۋە ئىدراكنى ئىككىنجى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن ئۇلار ئاجىزلىغانىدى. ھالبۇكى، ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئامىل ئۇنىڭ گۆشى ـ سۆڭىكى ئەمەس. بۇنداق بولغانىكەن، ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئامىلنىڭ كۈچەيتىلىشى، ئۇلارنىڭ غىزالاندۇرلىشى ۋە ئۈستۈن قىلىنىشى كېرەك .

ئىنسان، ئۆزىنى ئىنسان قىلغان تەرەپلىرىنى غىزالاندۇرغاندا، قاراڭغۇلۇقتا قالغان كۆڭلى، ئەقلى، ئىدراكى يورۇيدۇ شۇنداقلا كۆرمەس بولۇپ قالغان قەلب كۆزى كۆرۈشكە، قەلب قۇلىقى ئاڭلاشقا ۋە قەلب بۇرنى ھىدلاشقا باشلايدۇ .

بۇ مەنىۋىي ئىلگىرىلەش سايىسىدە، ئىنسان ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئىنسان ئىبادىتى ئارقىلىق رەببى بىلەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ.
مانا بۇ مۇناسىۋەتتە ئىنساندىن رەببىنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغىنى ئۇبۇدىيەت ( بەندىلىك ) بولىدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا ئاللاھ تىن جاۋاپ بولۇپ چۈشكىنى رۇبۇبىيىيەت ( رەبلىك ) بولىدۇ .

ئادرىسىغا توغرا يېتىپ بارغان ھەر ئۆرلەش بىر « مىراج » بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن جاۋاپ بولسا « نۇزۇل » بولىدۇ. ۋەھىي، ئادەم بالىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق سۇئاللىرىغا ئاللاھ بەرگەن بىر جاۋاپ ۋە ئاللاھ نىڭ ئىنسانىنى ئىتىۋارغا ئالغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى .

ئاخىرقى ۋەھىي، مەككىدە ھىرا غارىدا رامىزان ئېيىدىكى بىر كېچىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان. بىز مۇئىمىنلەر ۋەھيىنىڭ تۇغۇلغان ئېيى بولغان رامىزاننى « ئايلار سۇلتانى » دەپ بىلىمىز. چۈنكى، ئۇ « سۆزلەر سۇلتانى » بولغان ۋەھيىنىڭ ئادەم بالىلىرىنىڭ زۇلمەت باسقان ئۇپۇقىنى يورۇتقان ئېيى. بۇنىڭدىن، ئەگەر رامىزان سۆزلەر سۇلتانىنى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئايلار سۇلتانى بولالمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز .

رامىزان ئەسلىدە قۇرئان ئېيى ۋە بۇ ئاي ئۆزىنىڭ مۇبارەك بولىشىنى ۋەھيىدىن ئالماقتا. بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا دېيىلمەكچى بولغان بىشارەت مۇنداق بولسا كېرەك:

ۋەھىي نازىل بولغان ئاينى مانا مۇشۇنداق مۇبارەك قىلغان بولسا؛ نازىل بولغان كېچىنى مىڭ ئايدىن / بىر ئۆمۈردىن ( مىڭ ئاي 83 يىلغا توغرا كېلىدۇ )مۇ ئارتۇق قىلغان بولسا؛ ئەي ئادەم بالىسى، ئەگەر قۇرئان سېنىڭ قەلبىڭگە، ھاياتىڭغا، ئۆيۈڭگە، شەھرىڭگە ۋە مەملىكىتىڭگە نازىل بولسا، سېنىڭ قىممىتىڭنى قانچە ھەسسە ئاشۇرىدۇ، بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

رامىزان قۇرئان بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىدىغان ئاي بولىشى كېرەك. قۇرئان پەقەت قولىمىزدا ۋە تىلىمىزدا ئەمەس، قەلبىمىزدە، ئەقلىمىزدە، ھەممىدىن مۇھىمى ھاياتىمىزدا ئورۇن ئېلىشى كېرەك .

قۇرئاننىڭ ھاياتىمىزدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن، ئەزەلدىن ئۇلۇغ بولغان قۇرئاننى ئۇلۇغ قىلىمىز، دەپ ( ئالتۇن ھەرەپلەر بىلەن يېزىش، مۇقاۋىلەش . . . ) ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلىشتەك ئەخمەقلىقنى تاشلاپ، قۇرئاننىڭ بىزنى ئۈستۈن قىلىش تەقەززاسىنى ئادا قىلىشىمىز لازىم. پەقەت بولمىغاندا، بۇ رامىزاندا « ئى رەببىم! مەن بۇگۈنگىچە ماڭا ئەۋەتكەن مەكتۇبىڭنى ئېچىپ ئوقۇپ، چۈشۈنۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن! » دەپ، خاراپ بولغان ئىچكى دۇنيايىمىزنى قۇرئان ۋەھىي بىلەن قايتىدىن بىنا قىلىشىمىز لازىم . بۇنى پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەھىي نۇرىغا مۇھتاج بولغان باشقا ئىنسانلار ۋە بۇ زېمىنلاردا پەرىشان بولغان ئىماننىڭ پارلاق كېلەچىكى ئۈچۈن قىلىشىمىز كېرەك .

خۇش كەلدىڭ رامىزان، ناخۇش بولغان بىزلەرنىمۇ خۇش قىل!

# 4-باب قۇرئان ئېيى رامىزان

## قۇرئاننى يۈزەكى ئەمەس، يۈرىكىدىن چوڭقۇر چۈشىنىپ ئوقۇش

رامىزاننىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ھەر مەھەللىدە قۇرئان مۇقابىلىسى ( بىر ئوقۇسا، يەنە بىرسى كىتابقا قاراپ ئاڭلاپ بېرىش ) باشلايدۇ. ھەر تەرەپنى قۇرئان تىلاۋىتى قاپلايدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ. شۇنداق شەيتانلاركى، توپ توپى بىلەن باغلىنىدۇ. كۆرۈنىدىغان، كۆرۈنمەيدىغان... ئىنسان سىياقىدىكى گالستۇك تاقىۋالغانلار، تاراتقۇلاردىكى، گېزىتلەردىكى، پۇقرا سىياقىدىكى، رەسمىي ئورگانلاردىكى... ھەر خىل شەيتانلار باغلىنىدۇ.

خەلقىمىز قۇرئان ئوقۇشنى يېڭىدىن ئۆگىنىشنى « يۈزىدىن ئوقۇش » ياكى « يۈزىگە قاراپ ئوقۇش » دەپ ئاتايدۇ. بۇ چىرايلىق ۋە دەل جايىدا ئېيتىلغان سۆز. قۇرئاننى يۈزىدىن ئوقۇش ئاتالغۇسى، يادا ئوقۇشتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دېمىسىمۇ يادا ئوقۇش، قاراپ ئوقۇشتىن ئەۋزەل. شۇنداقتىمۇ يۈزىگە قاراپ ئوقۇش، ھېچ ئوقۇمىغاندىن ياخشى. ئەسلىدە ھېچ ئوقۇمىغانلاردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغانلار بار. ئۇلار « قۇرئاننىڭ جېنىنى ئوقۇغانلار ( ئەرزىيەت يەتكۈزگەنلەر ) ». ئەڭ رەزىل كىشىلەر دەل مۇشۇ « قۇرئانغا قارشى ئىسيان قىلغۇچىلار ». ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلمىسىمۇ، بۇ « يۈزىدىن ئوقۇش » ئۇقۇمى، مەنىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئوقۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىپادىلىنىشى، ئەسلىدە. چۈشەنمەستىن ۋە قۇرمۇ - قۇر ئوقۇشنى « يۈزىدىن ئوقۇش » دېسەك، ئۇنداقتا يادا ئوقۇشنى نېمە دەيمىز؟ ئۇ تېگى تەكتىدىن چۈشۈنۈپ ئوقۇش ئەمەس، يۈزەكى ئوقۇش بولىدۇ. قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى ئەمرى بولغان « ئوقۇ » بىۋاستە ئەسلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرسى سىزگە

«ئوقۇغىن، چۈشەنمىسەڭمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ» دېسە، ئۇنىڭ چىرايىغا «سەن ساقمۇ؟» دېگەن مەنىدە ھەيرانلىق بىلەن قارىماسمىز؟

ئۇنداقتا، مۇنداق بىر ئىشقا ئاللاھ بۇيرۇمدۇ ئىنسانىنى؟ قۇرئاننى «ئوچۇق قىلىپ ئەرەب تىلىدا نازىل» قىلغانلىقىنى ئاللاھ بايان قىلىۋاتىدۇ! ئەرەب تىلىدا نازىل بولۇشى، ئوڭاي چۈشەنسۇن دەپ ئىنسانلار ئىشلىتىۋاتقان بىر تىلدا نازىل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئاننى پات ـ پات «مۇبىن (ھەم ئوچۇق ھەم چۈشىنىشلىك، ھەم ئوچۇق بايان قىلغۇچى)» سۈپىتى بىلەن چۈشەندۈرگۈچى ئاللاھتۇر. «قۇرئان ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمامدۇ؟» دېگۈچى ئاللاھ. قۇرئاننى «تەپەككۇر قىلغۇچى قەۋمگە ...» ھەدىيە قىلغۇچى ئاللاھ. پات ـ پات «ھەقىقەتەن ئازغىنىسىدىن باشقىسى قۇرئان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ ئاللاھ. يۇنۇس سۈرىسى 100 ـ ئايەتتە «پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ» دېگۈچىمۇ ئاللاھ.

يۈزىدىن ئوقۇش ئاتالغۇسى ماڭا تۈركچىمىزدىكى «يۈزىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇش» ئىدىيومىنى ئەسلىتىدۇ. ھەققىڭىزدە ياخشى نەرسىلەرنى ئويلاپ قويمايدىغان بىرى، سىز بىلەن يېقىن ئەمەس بىرى سىزگە تەبەسسۇم قىلسا، بۇنى «ماڭا كۈلدى» دەپ ئاتايسىز. «يۈزىدىن» بولغانلار، يۈرەكتىن بولمىغانلار بولۇپ، «ساتھى (يۈزەكى)» ئىپادىسىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن «يۈزەكى» كەلىمىسى: چوڭقۇر بولمىغان، ئەگەر تېگىدىن قازاي دېسىڭىز شامالدا سورۇلۇپ كېتىدىغاندەك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئاننى يۈزىدىن ئوقۇشمۇ، قۇرئانغا قاراپ كۈلۈشكە ئوخشايدۇ. قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولغان مۆئمىنلەر، «مۇقابىلە» ھەرىكىتىنى يۈزەكى ئوقۇش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، خانىم ـ قىزلار ھەر رامىزان مۇقابىلە ئوقۇيدۇ. بەزىلىرى بۇ ئىشنى ئون يىلدىن بۇيان، بەزىلىرى 20، 30 ھەتتا 40 يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنچە يىلدىن بۇيان قۇرئاننى «يۈزىدىن ئوقۇغان» بۇ خانىملار، ئۇنى تېگىدىن چۈشۈنۈپ ئوقۇشقا ئىنتىلمىگەن بولسا، قۇرئان ئۇلاردىن رەنجىمەسمۇ؟ يەنى،

دائىم قۇرئانغا قاراپ كۆلۈپ قويۇپ، بىر قېتىم ئىچىگە، يۈرىكىگە قاراپ كۆلمىسە... يىراقتىن تونۇشقان قۇرئان بىلەن مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرمىسا، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتمىسا... يۈرەكتىن تونۇشۇشنى سىناپ باقمىسا...

قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىش، ئۇنى « تېگىدىن ئوقۇش »، ھەتتا « يۈرىكىدىن ئوقۇش » قا تىرىشقانلىق بولىدۇ. ئاللاھ كەلىمىلەرنىڭ قەلبىگە مەنالار يەرلەشتۈرگەن. كەلىمىلەرنىڭ قەلبىگە نازىل قىلىنغان مەنالار، مۇئمىن ئىنسانلارنىڭمۇ قەلبىگە نازىل بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئاننى يۈزەكى ئوقۇش كۇپايە قىلمايدۇ، چۈشىنىپ ئوقۇش شەرت. قۇرئانغا قاراپ كۈلۈپ قويغۇچىغا، قۇرئانمۇ كۈلۈپ قويىدۇ. قۇرئانغا يۈرىكىدىن چىقىرىپ تەبەسسۇم قىلغان كىشىگە، قۇرئانمۇ يۈرىكىدىن تەبەسسۇم قىلىدۇ.

ئېغىزنى ئېچىپ سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ چۈشىنىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. گۈلنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشى، بۇلبۇلنىڭ سايرىشى، قوزىلارنىڭ مەرەشلىرىمۇ بىر مەنىگە ئىگە. يەنى مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەيدۇ بۇلار. كائىناتتىكى ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر مەنىسى بار. ئۇنداقتا ئىلاھىي ئاۋازنىڭ مەنىسى بولماسمۇ؟ ئاللاھ ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن خالىي. ۋەھيي بىر تىلاۋەت كىتابى ئەمەس، بەلكى بىر « ھايات كىتابى ». بۇ سەۋەبتىن ھاياتقا نازىل بولغان. ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يەنى ئۆز ئىپادىسى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، خىتاب قىلىنغۇچىلىرىنى « قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن » نازىل بولغان.

قۇرئاننىڭ نۇرى ئۇنى چۈشەنگەن بىر ئەقىل ۋە قەلبكە چۈشىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، « مەن چۈشەنمەيمەن، لېكىن ياشايمەن » دېيىش نېمىدېگەن ئەخمەقلىق؟ ساھابە كىرىملەر ئون ئايەتنى ئېلىپ، ياخشى چۈشۈنۈپ، ھاياتىغا تەتبىقلاپ ، ئاندىن يەنە ئون ئايەت ئۆگىنەتتىكەن. بىز بىر - بىرىمىزگە ساھابىلارنىڭ قۇرئانغا تۇتقان بۇ سەمىمىي مۇئامىلىسىنى بايان قىلىشنىڭ

ئورنىغا، پالانچىنىڭ بىر كېچىدە قۇرئاننى قانچە قېتىم خەتمە قىلغانلىقىدەك ئاساسى يوق ھېكايىلەرنى سۆزلەيمىز. بۇ سەۋەبتىن ، قۇرئان تەسەۋۋۇرىمىزمۇ « چۈشىنىش ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش » چۈشەنچىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان تەسەۋۋۇر بولۇشتىن بەكرەك، « ئاپتوماتىك قايتىلاش » ئاساس قىلىنغان بىر تەسەۋۋۇر بولۇپ چىقماقتا.

نەتىجە نېمە، دەمسىز؟ نەتىجە ھەممىگە ئايان. قۇرئان دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان، لېكىن ئەڭ ئاز چۈشىنىلگەن ۋە ئەڭ ئاز ھاياتقا تەتبىقلانغان كىتاب بولماقتا.

رامىزان مۇقابىلىلىرىنى، قۇرئاننى ھاياتقا ئېلىپ كىرىشنىڭ بىر پۇرسىتى، دەپ بىلەيلى. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۆيدىن يۈكسەلگەن قۇرئان تىلاۋىتى، ئالدى بىلەن چۈشىنىش مەقسەت قىلىنغان، ئاندىن ھاياتىمىزغا ئېلىپ كىرىش نىشان قىلىنغان قىرائەتكە ئايلانسۇن. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۆيدىن پەقەت قۇرئان سادالىرىلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قۇرئانى بىر ھايات يۈكسەلسۇن. مانا بۇ ۋاقىتتا رامىزان ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كېلىدۇ. كېلىدۇ ۋە ھېچ كەتمەيدۇ. كېلىدۇ ۋە قۇرئاننىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى ھاۋاسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئېلىپ كېلىدۇ، بەدىنىنى خۇددى ئۆلۈك قەلبىنى

ئېلىپ يۈرگەن بىر تاۋۇتقا ئوخشاش كەزدۈرۈپ يۈرگەن تىرىك جىنازىلەرگە يېڭىدىن ھايات بېغىشلايدۇ.

# رامىزان ـ قۇرئان ۋە پاكلىنىش ئېيى

ۋاقىت ـ يارىتىلغان جىمى مەۋجۇدىيەتنى مەنىگە ئىگە قىلغان نەرسە. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان، ۋاقىت / زامان تىلىملىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ قەسەم قىلىدۇ. ۋەلفەجىر ـ سۈبھى بىلەن قەسەمكى؛ ۋەششەفاق ـ شەپەق ۋاقتى بىلەن قەسەمكى؛ ۋەددۇھا ـ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى؛ ۋەننەھار ـ كۈندۈز بىلەن قەسەمكى؛ ۋەللەيلى ـ قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى؛ ۋەلئەسىر ـ زامان / ئەسىر ۋاقتى بىلەن قەسەمكى. . .

ۋاقىت ئۈستىدە بۇنچىلا قەسەم قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئىنسان ئۈچۈن هايات مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاقىتقا، تەر تۆكمەي ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قىممىتى نەزەردىن ساقىت بولغان ۋاقىتقا ئىنساننىڭ دىققىتىنى بۇراش مەقسەت قىلىنغان.

ۋاقىتنىڭ بەزى تىلىملىرىنى ۋەهىي ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇلاردىن بىرى قەدىر كېچىسى بولۇپ، قۇرئان تىلى بىلەن ئېيتقاندا « مىڭ ئايدىن ئارتۇق ». قەدىر كېچىسىنىڭ بۇنداق مۇبارەك بولۇشى، قۇرئاننىڭ بۇ كېچىدە نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىدىن بولغان. بۇ كېچىنىڭ رامىزان ئېيى ئىچىدىكى بىر كېچە ئىكەنلىكىنى بىز قۇرئان بايانىدىن بىلەلەيمىز .

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رامىزان روزىسى، قۇرئاننىڭ تۇغۇلىشىنى مۇبارەكلەش بولۇپ، رامىزان بۇ جەھەتتىن قۇرئان ئېيىدۇر.

قۇرئاننىڭ قايسى كېچىدە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنمىغان، لېكىن مۇشۇ ئاينىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، روزا تۇتۇپ مۇبارەكلەپ كەلگەن رامىزان يەنە يېتىپ كەلدى. ئۇنداقتا، رامىزاننىڭ سەۋەبى هېكمىتى بولغان قۇرئانمۇ بىرگە كەلدىمۇ؟

رامىزاننى ئىدراك قىلغان ھەر مۆئمىن بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سورىشى كېرەك. ھاياتىدا قۇرئاننىڭ قانچىلىك ئورۇن ئالغانلىقىغا قاراپ بېقىشى كېرەك. تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەن « كۆز نۇرى » پەرزەنتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشى لازىم. قۇرئانسىز روزا تۇتۇشنىڭ، خۇددى بالىنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەشكە ئوخشايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىشى لازىم...

«ئەي رامىزان!» مۇھەببەتسىزلىكتىن قاغجىراپ چۆلگە ئايلانغان يۈرەكلىرىمىزگە قۇرئاننىڭ رەھمەت بۇلۇتلىرىنى ئېلىپ كەل. بىھوش ياتقان ئىدراكىمىز قۇرئاننىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن ئويغانسۇن. سىغىنىشتىن يوقسۇل، ئازابلانمايدىغان، كۆز يېشى تۆكمەيدىغان ، ئېچىشمايدىغان يۈرىكىمىز سىغىنسۇن، ئازابلانسۇن / ھېس قىلسۇن، كۆز يېشى تۆكسۇن، ئېچىشسۇن ۋە ئىنسان ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ ئاتلانغان سەپىرىدە، كۆڭۈل بالداقلىرىغا ئېسىلىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىسۇن، دېيىشى كېرەك ئىنسان.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رامىزاننىڭ « مەشرەپ » ياكى « ئورۇقلاش ئېيى»غا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. رامىزاننى مەشرەپكە ئايلاندۇرغانلار، روزا ھېيتنى « كەمپۈت بايرىمى »غا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھالبۇكى، رامىزان ۋۇجۇد ئاجىزلاپ، روھىي جەھەتتىن كۈچلىنىش تەلىمى بېرىلگەن بىر ۋاقىت تىلىمى.

رامىزان، روھنىڭ ئوزۇقلىنىشى بولۇپ، بۇ ئايدا ئىنساننىڭ ھايۋانىي تەرىپى، ئازدۇرغۇچى شەخسىيەتچىلىكى، ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرى، شەھۋىتى، ھەۋەسى ۋە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ھېرىسى تورمۇزلىنىپ، ئارقىغا ئېلىنىدۇ؛ ئىنسانىي تەرىپى ئالدىغا چىقىرىلىدۇ.

رامىزان بىر يىللىق روھىي كۈتۈنۈش بولۇپ، روزا ئىنساندا يۈرىكىگە / ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ چىقىدىغان سەپەرنىڭ بىر ۋاسىتىسى . يۈرىكىگە يەنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە قىلغان سەپىرى، ئەگەر سەپىرنى داۋاملاشتۇرۇشتىن

يالتايمىسا، سەپەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنى، ئەڭ تەبىئىي، نىقابسىز، ساپ هالدىكى ئۆزىنى تاپىدۇ .

ئىنسان بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۆزى بىلەن بىر گەۋدە بولىدۇ، تونۇشىدۇ ۋە ئۆزى بىلەن ئەپلىشىدۇ. يەنى سىلىم ( تىنچلىق ) تەسلىمىيەت ۋە ساغلاملىقا ئېرىشىدۇ. ئۆزى بىلەن ئەپ ئۆتەلىگەن كىشى، شۈبهىسىزكى ھەقىقەت بىلەن ئەپ ئۆتىدۇ. ئۆزى بىلەن دائىم غوۋغالىشىپ تۇرىدىغان كىشى، ئاللاھتىن تارتىپ ھەقىقەت، تەبىئەت ۋە باشقا ئىنسانلار بىلەن جېدەل ـ ماجىرا ئىچىدە بولىدۇ.

بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان شۇ تېيىلغاق مەزگىلدە، ھەممىمىز يالغان ۋە ئويدۇرۇلغان كۈنتەرتىپ يامغۇرى ئاستىدا ئۆزىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇۋاتىمىز. مانا پۇرسەت ئالدىڭىزغا كەلدى. رامىزان ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئىلاھىي كۈنتەرتىپ.

راستىنى ئېيتساق، روزىنى بىز تۇتمايۋاتىمىز، ئەسلىدە روزا بىزنى تۇتۇۋاتىدۇ. بىزنى قەددى قامىتى رۇس ۋە جانلىق، بېشىنى تىك كۆتۈرگەن هالدا تۇتۇۋاتىدۇ.

روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتقان ۋە بېشىنى روزا بىلەن تىك تۇتقانلارنىڭ رامىزانلىرى مۇبارەك بولسۇن .

# قۇرئان ۋە رامىزان

زامان / ۋاقىت ۋە ئىنسانىنى ياراتقان، ۋەھيىنى نازىل قىلغان، زامان ۋە ئىنسانىنى ۋەھيي بىلەن شەرەپلەندۈرگۈچىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
زامانمۇ خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش بىر تىلسىم. زامان تىلسىمىنىڭ ئىچىگە نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى خاتىرىلەپ ماڭغۇچى، كەلگۈسى ئۈچۈن خىياللار سۈرۈپ، پىلان قىلغۇچى يېگانە مەخلۇق ـ ئىنسان.

زامان، ئىنسان ۋە ۋەھيي ، بۇ ئۈچى بىرلەشكەن نۇقتا « شاھىتلىق».

ئاللاھ زامان ۋە ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى تىلىملەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ۋەلفەجىر ـ سۈبھى بىلەن قەسەمكى؛ ۋەششەفاق ـ شەپەق ۋاقتى بىلەن قەسەمكى؛ ۋەددۇھا ـ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى؛ ۋەننەھار ـ كۈندۈز بىلەن قەسەمكى؛ ۋەللەيلى ـ قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى؛ ۋەلئەسىر ـ زامان / ئەسىر ۋاقتى بىلەن قەسەمكى... ۋەھيي بولغان بۇ قەسەملەر، ۋاقىتنىڭ ئىنسانغا شاھىت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ يەنە بىر نۇقتىدىن ئىنسانغا ۋاقىتنى ئۇنۇتمىلىق، توغرا ۋە ئوبدان پايدىلىنىشنى ئەسكەرتىشنى مەقسەت قىلماقتا. ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان ئۆزىگە ئېھسان قىلىنغان ۋاقىت نېمىتىنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا شاھىت قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل زىيان بولىدۇ. بۇ بىرىنچىسى، ۋاقىت ئامانىتىنى زايە قىلىش. ئىككىنچىسى، زايە قىلىش ئارقىلىق ۋاقىتنى زىيىنىغا شاھىت قىلىش.

ۋاقىتنى ئىنسانغا شاھىت قىلغان ئاللاھ، ئىنسانىنى ئۆزىگە شاھىت قىلغان. كەلىمەئى شاھادەت، بۇ شاھىتلىقنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە مەنىلىك ئىپادىسى. ئاللاھقا شاھىت بولۇشقا چاقىرىلىش بىر شەرەپ، ھەمدە شەرەپنىڭ ئەڭ چوڭى. چۈنكى ئاللاھقا شاھىت بولۇش، گۇۋاھلىقنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ بۈيۈك گۇۋاھلىق بولىدۇ. ئەڭ ئۇلۇغىغا شاھىت / گۇۋاھچى بولغانلىق، ئەڭ بۈيۈك شەرەپكە نائىل بولغانلىق بولىدۇ. زاتى بىلەن قائىم، ئەۋۋەلى ۋە ئاخىرى بولمىغان، مۇتلەق تىرىك ۋە ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ ئۈچۈن

ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا شاھىت بولۇشى ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر پايدا يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ ئىنساننى ئۆزىگە شاھىت قىلىش ئارقىلىق ئىنساننى شەرەپلىك قىلىشنى خالىغان ۋە ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقىل ۋە ئىرادە ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۇپۇقىنى ئاچقان. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاللاھ زۇل مەئارىج، يەنى تاكامۇل مەرتىۋىسىنىڭ ئىگىسى( 70:3 ). ئۇ ئىنساننىڭمۇ بۇ مەرتىۋىگە يۈكسىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىمكان ۋە پۇرسەتلەر بەرگەن.

ئاللاھ بەخش ئەتكەن بۇ يۈكسىلىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئىمكانلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ باشتا ۋەھىي كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ۋەھيىمۇ خۇددى ۋاقىت ۋە ئىنسانغا ئوخشاش شاھىت. شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەھىي ئۆزىنى مەجىد، كەرىم، ئەزىز ... گە ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى « فائىل » ( گۇۋاھچى ) شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىلاھىي كالام ئىنسانغا نازىل بولغان ۋە ئىنساندىن بۇ ئىلاھىي كالامنى لايىقىدا ئېلىپ ماڭغان ـ ماڭمىغانلىقى سورىلىدۇ. ۋەھىي نازىل قىلىنغان ئىنساننىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىسى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. « جانلىق قۇرئان » بولغان پەيغەمبەرنىڭ « شاھىت » ( شاھىدەن ) بولۇش سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشىنى، ۋەھيىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش نۇقتىسىدىن چۈشەنسەك بولىدۇ .

شۇنداق، كۆرگىنىمىزدەك ۋاقىت، ئىنسان ۋە ۋەھىي ھەر ئۈچى شاھىت بولۇش نۇقتىسىدا كېسىشىدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچىدىن ۋاقىت ۋە ۋەھىي ئىنسانغا شاھىت، ئىنسان ئاللاھقا شاھىت بولىدۇ. مانا بۇ ئىنساننى مۇستەسنا قىلغان ئامىل. شۇڭا ۋاقىت ۋە ۋەھىي ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىلاھىي تەرتىپ مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ۋاقىتتا مەھكۇم بولۇش ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىش بۇ تەرتىپنى بۇزغانلىق بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا « ۋاقىت ئىنسان ئۈچۈن » بولۇشتىن « ئىنسان ۋاقىت ئۈچۈن » گە ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىلاھىي تەرتىپنى، مەخلۇقات دەرىجە تىزىملىكىنى بۇزغانلىق بولىدۇ.

مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولۇشى مۇمكىن: « بۇ تەرتىپتە ۋاقىت ۋە ۋەھيىنىڭ ئورنى قەيەر؟».

## 4 ـ باب قۇرئان ئېيى رامىزان

رامىزان مانا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بېرىدۇ. بۇ جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن، رامىزان ئېيىنىڭ ئۆزى قىممىتىنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى بايان قىلغان شۇ ئايەتنى ئەسلەش زۆرۈر:

«رامىزان شۇنداق بىر ئايدۇركى، ئىنسانلارغا يېتەكچى بولغان ( ھىدايەت )، بۇ يېتەكچىلىكنىڭ روشەن دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ( بەيىنات ) ۋە ھەقنى باتىلدىن ئايرىغان ( فۇرقان ) بولغان قۇرئان مانا بۇ ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىدى. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە ( يەنى مۇساپىر ) بولۇپ ( تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، ( ئاغرىقلار ئۈچۈن يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھ نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، ( ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا ) شۇكۇر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ » ( 2:185 ).

بۇ ئايەت، رامىزان ئېيىنى ئالاھىدە قىلغان سەۋەبنى روشەن ۋە ئېنىق قىلىپ بايان قىلىدۇ. بۇ سەۋەب قۇرئاننىڭ بۇ ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىنىشى بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى قەدىر سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى تەستىقلايدۇ. رامىزان قۇرئان تۇغۇلغان ئاي. قۇرئان ۋەھيي تۇغۇلغان كۈنى بولغان قەدرى كېچىسى، رامىزان ئېيى ئىچىدىكى بىر كېچە. بۇ ھەقىقەت بەقەرە سۈرىسىنىڭ 185 ـ ئايىتى بىلەن قەدىر سۈرىسىنىڭ 1 ـ ئايىتىنى يانمۇ يانغا قويۇپ ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ، ئەگەر قۇرئان نازىل بولغان قەدىر كېچىسى رامىزان ئېيى ئىچىدىكى بىر كېچە بولمىغان بولسا، رامىزان ئېيىمۇ بۇنداق مۇبارەك ۋە بەرىكەتلىك بولمايتتى، دېگەنلىك بولىدۇ. رامىزاننىڭ بۇنداق مۇبارەك ۋە بەرىكەتلىك بولۇشى، ۋەھيي نازىل بولغان كېچىنى ئۆز قوينىدا تۇتقانلىقىدىن بولغان .

بۇ ئۇلۇغلۇق ۋە بەرىكەتنىڭ چوڭلۇقىنى قەدىر سۈرىسى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى ( شەرەپ ۋە پەزىلەتتە ) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل / ۋەھيي بىلەن شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن، ( زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان ) ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىگە تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر سائادەتنىڭ فورمۇلاسى كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ / شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر.»

نازىل بولغان كېچىنى بىر ئۆمۈرگە تەڭ قىلغان ۋەھيي، نازىل بولۇشقا باشلىغان ئاينىمۇ « ئايلار سۇلتانى » قىلغان. رامىزان « سۆزلەر سۇلتانىنى » ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، « ئايلار سۇلتانى » بولالمايتتى. بۇ سۈرە خىتاب قىلىنغۇچىسىدىن شۇنى بىلىشنى ۋە ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: « نازىل بولغان كېچىنى بىر ئۆمۈرگە تەڭ قىلغان ۋەھيي، ئەگەر مېنىڭ ھاياتىمغا نازىل بولسا، ھەر كۈنۈمنى بىر ئۆمۈرگە تەڭ قىلىدۇ. ئېچىگە ۋەھيي نازىل بولغان بىر ئۆمۈرنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەت بولۇشى مۇمكىن ».

دېمەككى، ئۇلۇغلۇق ۋە بەرىكەتنىڭ سەۋەبى ۋاقىت ئەمەس، ۋەھيي. ۋەھيينىڭ سەۋەبى ھىدايەت، يەنى « يېتەكچىلىك ». ھىدايەتنىڭ سەۋەبى، جىمى ۋەھييلەرنىڭ مەقسىتى بولغان بەييىنات ۋە فۇرقان بولۇش. بەييىنات ـ « ياقىلىغان ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان روشەن دەلىل » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. فۇرقان ـ « ياخشىنى ياماندىن، ھەقنى باتىلدىن، توغرىنى خاتادىن، ئادالەتنى زۇلۇمدىن ئايرىيدىغان ئالاھىدىلىك ۋە قابىلىيەت » نى بىلدۈرىدۇ. رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغان بەقەرە سۈرىسى 185 ـ ئايەتتە، قۇرئان مانا بۇ ئىككى سۈپەت بىلەن تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ بىكاردىن بىكار بايان قىلىنمىغان. چۈنكى، ۋەھيي خىتاب قىلىنغۇچىسىغا يېتەكچىلىك ( ھىدايەت ) قىلىش مەقسىتىنى، بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك سايىسىدە ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان بەييىنات قۇرئاندا بولغان ۋە خىتاب قىلىنغۇچىسىغا سۇنغان ھەقىقەت؛ ئىككىنچىسى بولغان فۇرقان، خىتاب

قىلىنغۇچىسىدا بەرپا قىلغان بىر قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت قۇرئان بەرپا قىلغان بىر تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىل فۇرقان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق بىر تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىل بىلەن ھاياتقا، كائىناتقا نەزەر سالغان كۆز، ئەلۋەتتە بەيىننات دالالەت قىلغان ھەقىقەتنى توغرا ۋە جايىدا كۆرىدۇ ۋە چۈشىنىپ يېتىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن سوراشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سوئال بۇ بولسا كېرەك: قۇرئان تۇغۇلغان ئاينىڭ ئەھىياسى نېمە ئۈچۈن روزا قىلىپ بەلگىلەنگەن؟ ياكى قۇرئان تۇغۇلغان ئاي نېمە ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق مۇبارەكلىنىدۇ؟

بۇ جان ئالغۇچى سوئالنىڭ جاۋابى ۋەھىينىڭ، ئۇنى چۈشىنىش ۋە ھاياتقا تەتبىقلاشنىڭ ئاچقۇچى.

پارسچىدا « كۈن » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان رۇزە سۆزىنىڭ تۈركچىسى بولغان ئوروچ كەلىمىسى قۇرئاندا ساۋم كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ساۋم « تۇتۇش » ۋە « تەرك ئېتىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. كەلىمىنىڭ يىلتىزى « يېمەك ـ ئىچمەكتىن قېلىش، ئېغىزى يېپىق بولۇش، ئىچىگە قوشۇمچە بىر نەرسە ئالماسلىق » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىشتىقاقى ئەكبەر ( ئەرەبچە لۇغەت ئىسمى ) دە « مۇتلەق پۈتۈن، كەمتۈكسىز ۋە تولۇق » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىلاھى سۈپەت ئەس ـ سامەد؛ قىممىتى مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سامىت؛ پۈتۈن ۋە گىگانت قىيا مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سامەد؛ ئېغىزى ئېتىك بولغانلىقى ئۈچۈن سۈكۈت قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۈمىم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت جەلپ مەركىزى مەنىسىدىكى سامىد بىلەن تۇغقان سۆزدۇر، ساۋم.

ساۋم، « تۇتۇش » بولۇپ، تىلىمىزدا « ئوروچ ( روزا ) تۇتۇش » دەيمىز. نامازنى « قىلىمىز »، تاھارەتنى « ئالىمىز »، زاكاتنى « بېرىمىز »، كەلىمەئى شاھادەت « كەلتۈرىمىز »، ھەجگە « بارىمىز »، روزىنى « تۇتىمىز ». تىلىمىزدىكى « تۇتۇش » روزا مەنىسىدىكى ساۋمنىڭ دەل ئىپادىسى بولۇش

سەۋەبىدىن، « روزا تۇتۇش » نىڭ تىلىمىزدىكى ئېپادىسى « تۇتۇشنى تۇتۇش » بولسا كېرەك .

روزا تۇتۇش، ئالدى بىلەن روزىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇش / روزا تەرەپتە تۇرۇش بولۇپ، « مەن روزا تەرەپدارى، مەن روزا تەرەپتە تۇرىمەن! » دېگەنلىك بولىدۇ.

روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتۇش بولۇپ، بېشىمىزغا كەلگەن پېشكەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىمىزنى تۇتالمىغانلىقتىن كېلىدۇ. گۇناھلارنىڭ سەۋەبى ئاچچىقىنى باسالماسلىق، نەپسىنى يىغالماسلىق، شەھۋىتىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، تىلىنى يىغالماسلىقتا ئوخشاش سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. كىشى روزىنى قانچىلىك تۇتسا، روزىمۇ كىشىنى شۇنچىلىك تۇتىدۇ. كىمكى روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتسا، روزىمۇ ئۇنىڭ بېشىنى تىك تۇتىدۇ. روزا كىشىنى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قوغدايدىغان قالقان، بەندىنى قۇل قىلىشتىن ساقلايدىغان بىر ئەقىل بولىدۇ. بۇ مەنىسى بىلەن روزا، « ئاچ قېلىش » ئەمەس، « غىزالىنىش » بولىدۇ. ئاچ قويۇلغان ۋۇجۇد بولۇپ، بۇ ئىنساننىڭ جىسمانىي تەرىپىنىڭ « ئىككىنچى » ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تەرىپى، ئەقىل ئىشلىتىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان، ئەسلەيدىغان، نەسىھەت ئالىدىغان، ئىشىنىدىغان، قىممەت يارىتىدىغان، ياخشىنى ياماندىن ئايرىيدىغان تەرىپىدۇر.

قۇرئان تۇغۇلغان ئاي بولغان رامىزاننى، بەدەننى ئاچ قويۇپ ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبى بۇ يەردە ئايان بولماقتا. بۇ سەۋەب ، مۇئمىنىنىڭ ئەقلى ۋە روھى پەرىشتىلىرىنى غىدىقلاپ ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرماقتا. بۇنىڭ قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى روشەن: بۇ ئارقىلىق ۋەھيىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە ياردەم قىلىش بولۇپ، مانا بۇ ۋەھيىنى « ئوقۇش ». چۈنكى، ئوقۇشتىن مەقسەت، ئۇنى چۈشىنىش. بىر نەرسە چۈشىنىكسىز بولغان بولسا، ئوقۇلمىدى، دېگەنلىك

بولىدۇ. « ئىقرا » ئىلاھى ئەمىر، « ئوقۇ » ئەمرىدىن ئايرىم ھالدا « چۈشەن »

ئەمرىگە موھتاج ئەمەس. ئوقۇپ چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلىرىدىن ئوقۇشتىن مەقسەتنىڭ « ئۆگىنىش / بىلىش ـ تەلىم » ئىكەنلىكىنى 4 ـ ۋە 5 ـ ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۇنجى نازىل بولغان ئىككىنچى سۈرە مۇززەممىلدىكى قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇش ئەمرىنىڭ ئىجراسى مۇشۇنداق بولىدۇ. چۈشىنىشتىكى مەقسەت ھاياتقا تەدبىقلاش. چۈنكى، چۈشەنمىگەن نەرسىنى ئۆزلەشتۈرگىلى، تەدبىقلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا رامىزان قۇرئان ئېيى. رامىزان بىزگە قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن رامىزان بولىدۇ. رامىزانلىرىمىز قۇرئاننى قانچىلىك ئوقۇغان، چۈشەنگەن ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىقلىغان ، ھاياتىمىزدا ياشاتقان بولساق، شۇنچىلىك مۇبارەك بولىدۇ.

قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پەقەت رامىزانغىلا خاسلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، رامىزان ـ قۇرئان « نازىل بولغان » ئەمەس، « نازىل بولۇشقا باشلىغان » ئاي. قۇرئان بىر رامىزان كېچىسى بولغان قەدىر كېچىسىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە بىر نەسىلنىڭ ھاياتىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرىدىغان ئۇزۇن بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. ۋەھيىنىڭ تەسىر كۈچىنى نازىل بولغان يىللارغا مەھكۇم قىلىپ قويغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا، نازىل بولغان كۈندە ساناقسىز ئەر ۋە ئايالنىڭ قەلبىگە نازىل بولۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ۋەھيي ئىلاھى بىر لايىھە بولۇپ، زېمىندا ۋەھيي بىلەن ئۆزىنى بەرپا قىلغان ئىنسانلار ئارقىلىق يېڭى ھايات بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. رامىزاننىڭ تەسىرىنىمۇ خۇددى ۋەھيىگە ئوخشاش پەقەت بىر ئايغا مەھكۇم قىلىپ قويماسلىق كېرەك. رامىزان، ئېلىپ كەلگەن مەنا ئىقلىمىنى، خىتاب قىلىنغۇچىسىنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا يېيىش ۋە ئۇنىڭ ئۆمرىنى رامىزان قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك: ئۆمرى رامىزان بولغۇچىنىڭ ئاخىرىتى بايرام / ھېيت بولىدۇ. ئۇ ھېيت جەننەتنىڭ دەل ئۆزى. مانا مۇشۇنداق كىشىدە، رامىزان تۆۋەندىكى سۆزنى ئېيتقىدەك ئاڭ پەيدا قىلىدۇ:

كۇفرىغا ، شېرىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى روزامنى بۇزسام، كاپارىتىم جەھەننەم بولسۇن!

## قۇرئان ۋە رامىزان ـ 2

قۇرئاندا رامىزان ئېيى ھەققىدە توختالغان بەقەرە سۇرىسى 185 ـ ئايىتى، يەنە بىر بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ئامىللارنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن:

1. رامىزاننىڭ سەۋەبى قۇرئان.

2. قۇرئاننىڭ سەۋەبى ھىدايەت، يەنى رەھبەرلىك، پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتەكچى بولۇش.

3. ھىدايەتنىڭ سەۋەبى « بەييىنات » ۋە « فۇرقان ». ھىدايەت پەقەت بۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بەييىنات ـ « ھەقىقەتنى، ياقىلىغان نەزەرىيەنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك روشەن دەلىللەر » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. فۇرقان ـ « ھەقنى باتىلدىن، توغرىنى خاتادىن، ئادالەتنى زۇلۇمدىن، ياخشىنى ياماندىن ئايرىش قابىلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇرئاننىڭ يېتەكچىلىكى، پەقەت بەييىنات ۋە فۇرقان ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان بەييىنات، قۇرئاننىڭ ئۆزىدە بولغان ۋە خىتاب قىلىنغۇچىغا سۇنغان؛ ئىككىنچىسى بولغان فۇرقان، خىتاب قىلىنغۇچىدا بەرپا قىلغان بىر ئالاھىدىلىك ۋە قابىلىيەت. پەقەت قۇرئان شەكىللەندۈرگەن بىر تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىل كۆزى بولغاندىلا، بەييىنات دەلالەت قىلغان ھەقىقەتنى ئۆز جايىدا ۋە توغرا شەكىلدە كۆرگىلى ھەمدە چۈشەنگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ بىرىنچى شەرتى، قۇرئانغا تەربىيەلىگۈچى بىر ئۇستاز سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش. ئەپسۇس، رېئاللىقتا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ ، قۇرئانغا

بـىر شەيئى سۈپـىتـىدە مۇئامـىلە قـىلـىنماقتا. ۋەھـىي مۇنداق ئۈچ باسقۇچ بـىلەن، تەربـىيەلـىگۈچى بـىر ئۇستاز بولۇشتـىن « مۇقەددەس نەرسە »گە ئايلـىنـىپ قالغان.

بـىرىنچى باسقۇچ ، لەبـىز، مەنا ۋە مەقسەتتـىن تەركـىب تاپقان ۋەھـىينـىڭ ئەڭ مۇھـىم تەرىپى بولغان « مەقسەت » قـىسمى، نەزەردىن ساقـىت قـىلـىنـىپ، ۋەھـىي لەبـىز ۋە مەنـىگە مەھكۇم قـىلـىپ قويۇلغان. ھالبۇكى، لەبـىز ۋە مەنانـىڭ سەۋەبى مەقسەت ئـىدى. مەقسەت چەتكە قېقـىلغانلـىقتـىن، ئـىلاھـىي ۋەھـىيدە مۇراد قـىلـىنغان مەقسەتنى چۈشـىنـىش قـىيـىنلاشتى. پەقەت لەبـىز ۋە مەنـىگە تايـىنـىپ تۇرۇپ چۈشـىنـىش تـىرىشچانلـىقلـىرى، بـىر تۈركۈم چۈشەنچە مەسـىلـىلـىرىنى كەلتۈرۈپ چـىقاردى. مەقسەتنى نەزەردىن ساقـىت قـىلـىنغان ۋەھـيـىنـىڭ، تەربـىيەلـىگۈچى ئۇستاز بولۇشتـىن خالـىي قـىلـىنـىشى تەبـىئـىي بـىر نەتـىجە ئـىدى. چۈنكى، تەربـىيەلەش ۋەھـىينـىڭ مەقسـىتى بـىلەن بـىۋاسـىتە مۇناسـىۋەتلـىك ئـىدى.

ئـىككـىنچى باسقۇچ ، لەبـىز ۋە مەنـىگە مەھكۇم قـىلـىنغان ۋەھـىينى چۈشـىنـىش ھەرىكـىتى، بۇ قېتـىم ۋەھـىينى ئـىككـىنچى پۈتـىدىن - مەنـىدىن ئايرىـىپ تاشلاپ، پەقەت لەبـىزگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويدى. بۇ يۇقـىرىدا كۆرسـىتـىلگەن جەريانـنـىڭ تەبـىئـىي نەتـىجـىسى ئـىدى. بۇ نەتـىجە مەنانـىڭ ئۆزىنى يېشـىپ بېرىشـىگە توسالغۇ بولدى. شۇنـىڭ بـىلەن ۋەھـىينـىڭ خـىتاب قـىلـىنغۇچـىلـىرى ۋەھـىي بـىلەن دىيالوگ قۇرۇش، ئۇنى ئـىدېئولوگـىيەلـىك بـىر تەسەۋۋۇر بـىلەن « ئوقۇش »نـىڭ ئورنـىغا، ئۇنى پەقەت « تـىلاۋەت » قـىلـىش بـىلەن كۇپايـىلەندى. بۇ ئەسلـىدە مەنانـىڭ يوقلـىقـىدىن شەكـىللەنگەن بوشلۇقنى لەبـىز بـىلەن تولدۇرۇش ئـىدى.

ئۈچـىنچى باسقۇچ ، ۋەھـىي پەقەت لەبـىزگە مەھكۇم قـىلـىنغانلـىقتـىن، قۇرئانمۇ پەقەت « مۇسھاب ( كـىتاب ) » ھالـىغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. ۋەھـىي ئەمدى تەربـىيەلـىگۈچى ئۇستاز ئەمەس ئـىدى. چۈنكى، ئۇ خـىتاب قـىلـىنغۇچـىلـىرىنى

ئەمەس، خىتاب قىلىنغۇچىلىرى ئۇنى « ئۇلۇغ » لاشتۇرىۋاتاتتى . ھالبۇكى، ۋەھيي ئەسلىدىنلا ئۇلۇغ ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىشقا ئەمەس، چۈشىنىشكە ۋە ھاياتىغا تەتبىقلىشىغا ئېھتىياجى بار ئىدى. ۋەھيىنى شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان خىتاب قىلىنغۇچىلىرى، ئۇنى شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشنىڭ بەدىلىنى « ئۇلۇغلاش » ئارقىلىق تۆلەش يولىغا قاراپ ماڭدى. بۇ خۇددى ۋەھيىنىڭ « ئېغىزىنى مايلاش »تەك بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئەمدى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىنىڭ ھاياتىدىن بىر نەرسىلەرنى يوقۇتۇپ، يېڭىدىن بىر نەرسىلەرنى بەرپا قىلمايتتى؛ خىتاب قىلىنغۇچىلىرىمۇ ۋەھيىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئېگىز جايغا ئېلىپ قوياتتى.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، كېيىنكى مەزگىللەردىكى « قۇرئان ئوقۇش ۋە چۈشىنىش » تىرىشچانلىقلىرى، ئەپسۇسكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەرياننى تەتۈرسىگە ئۆرىيەلمىدى. ھەتتا، زامانىۋى شەكلى مەيدانغا كەلدى. چۈنكى، بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ئۇلىدا، ۋەھيي تەربىيەلىگۈچى بولۇشىدىن زىيادە، قۇرئان مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇش، ئۆزىنىڭ مەلۇم ساھەدىكى بىلىمىنى ئاشۇرۇش، مېڭىسىنى ۋە زېھنىنى ئىشلىتىش ئارزۇسى يەر ئالماقتا ئىدى. نەتىجىدە، زامانىۋى تەسەۋۋۇر بىلەن كىلاسسىك تەسەۋۋۇر ئوخشاش نۇقتىدا، يەنى ۋەھيىنى شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش نۇقتىسىدا ئۇچراشقانىدى.

بۇ جەرياندا ۋەھيىنىڭ يۆنىلىشى 180 گىرادۇس ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە تەربىيەلىگۈچى بولغان ۋەھيي، ئەرشتىن يەر يۈزىگە چۈشكەن خىتاب ئىدى. كېيىن شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان ۋەھيي تۆۋەندىن يۇقىرىغا روھ

ئېلىپ ماڭغان بىر « ئۇچار گىلەم »گە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى.

قۇرئان چۈشەنچىسىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش، قىسقىچە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە مەيدانغا كەلدى:

مەنا ھاياتىنىڭ ئىچىدە « قېزىپ چىقىرىلمىغانلىقتىن » تەقلىد قىلىنىشقا باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەقلىد تەربىيەلىگۈچى ئالاھىدىلىكىنى

يوقۇتۇپ قويۇشقا باشلىدى. بۇ نۇقتىدىن باشلاپ تەقلىد قىلغۇچىلارنى كىملىكىگە قاراپ ئىككىگە ئايرىش كېرەك:

بىرىنچى، ھېسسى جىسمىغا / شەيئىگە ئايلاندۇرۇش..ئىككىنچى، ئەقلىي جىسمىغا / شەيئىگە ئايلاندۇرۇش.

ھېسسى جىسمىغا / شەيئىگە ئايلاندۇرۇش ـ ھەممىمىزگە مەلۇم. مەنا بولمىغاندىكىن، مەجبۇريي ھالدا شەكىل ئۇلۇغلاشتۇرۇلىدۇ. غايىۋىلاشقان شەكىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشتىن ھالقىپ خاسلىققا ئايلىنىدۇ. خاسلىققا ئايلانغان مۇقەددەس بىر شەكىل چۈشەنگىلى بولمايدىغان شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى ياشاش، ھاياتقا تەتبىقلاش مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا كېلىدۇ.

ئەقلىي جىسمىغا / شەيئىگە ئايلاندۇرۇش ـ بىزگە مەلۇم بولغاندىن زىيادە، بىزنىڭ نەسلىمىزدە تەجرىبە قىلىنغان بىر چۈشەنچە تۈرى بولۇپ، خاسلىقنىڭ زىت ئەمەس. چۈنكى، ئۇ « ئەقىلگە مۇۋاپىق » ئەمەس، ئەكسىچە « ئەقىلچى » بولۇپ، ھەممىنى ئەقىلگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. بۇ ھېسسى جىسمىغا / شەيئىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ دەل تەتۈرى بولۇپ، بىنورماللىقنىڭ يەنە بىر قۇتۇپى ئىدى. ئەسلى ئاجىزلىقى، ۋەھيىنى كىشىنى تەربىيەلىگۈچى ئۇستازغا ئايلاندۇرالماسلىق. چۈنكى، ئۇنىڭ چۈشەنچە شەكلى خۇددى ھېسسى جىسمىغا / شەيئىگە ئايلاندۇرۇشتەك خاتا بولۇپ، بۇ چۈشەنچىنىڭمۇ خاتالىقى ۋەھيىنى شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئىدى. ئارىسىدا پەقەت بىر پەرق بار بولۇپ، يەنى « ھېسسىي » ئەمەس « ئەقىلچى » بولۇشى ئىدى.

ۋەھيىنى جىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ھېكايىسى، يولۇچىنىڭ يېتەكچىسىز قېلىش ھېكايىسى بولۇپ، بۇ ھېكايە بىر يازما بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئۇزۇن ھېكايە.

# قۇرئان ۋە رامىزان ـ 3

«قۇرئاننى خۇددى ساڭا نازىل بولغاندەك ئوقۇ!» بۇ قەدىمىي تەۋسىيە پۈتۈن قۇرئان ئوقۇش قوللانمىلىرىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق يېتەكچىسى بولۇشى كېرەك.

بۇنى سۆزلەش ئاسان، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن. تەخمىن قىلغىنىڭىزدەك بۇ قىيىن ئىشلارنىڭ قىيىنى، ئەمما ئىمكانسىز (ئەمەلگە ئاشمايدىغان) ئەمەس.

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەيداندا « سەن » بولۇشۇڭ كېرەك. يەنى ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان « مەن ». مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن «مەن». بۇ ئىدراكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن مەۋجۇتلۇق تولغىقى يېگەن بىر « مەن ». مانا بۇ تولغاق بىلەن ئۆزىنى دۇنياغا كەلتۈرگەن « مەن » بولۇشى كېرەك.

سەھنىدە بىر « مەن » بولغان بولسا، ھەر بىر « مەن »نىڭ بىر ھەقىقەت مەسىلىسى بولىدۇ. تىلغا ئالغان ۋاقىتتا دىلنى كۆيدۈرىدىغان، يەنى يۈرەككە ئوت تۇتاشتۇرىدىغان بىر مەسىلىسى بولىدۇ.

مەن ۋە ھەقىقەت بىر يەرگە كەلگەن جايدا، بىر سەپەردىن سۆز قىلىنىدۇ، دېگەن گەپ. يەنى تۈگىمەس بىر سەپەر، ئىنساننىڭ ئۆزىنى يۇدۇپ ماڭغان سەپەر، « مەن »دىن باشلىنىپ يەنە ئاخىرقى مەنزىلى « مەن »گە تۇتىشىدىغان سەپەر، مېڭىش بىلەن يەتكىلى بولمايدىغان، ئەمما بارغانلارنىڭ ھەممىسى ماڭغان

سەپەردىن، يولۇچى يول بولغان، يول يولۇچى بولغان بىر ئۆزگىچە سەپەر ھەققىدە سۆز قىلىنىدۇ، دېگەن گەپ.

خەرىتە ـ ۋەھىي

يولباشلىغۇچى ـ پەيغەمبەر

كومپاس ـ ئەقىل

ئوزۇق ـ تۇلۇك: ـ ئىبادەت

ئۇلاغ ـ دۇنيا ۋە بارلىق دۇنيالىقلار

يولۇچىنىڭ ئەقىل كومپاسى، ساختا ماگنىت مەيدانلىرىنىڭ تەسىرىدىن ياخشى قوغدىلىشى كېرەككى، ئىستىقامەتتە / نىشاندا بىر ئېزىش بولمىسۇن. نىشاندىن بىر مىللىي مېتىرلىق ئېغىش ھەر قەدەمدە چوڭىيىپ، ئاخىرىدا كىلومېتىرلارچە ئېغىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نىشاندىن ئادىشىپ قالغان بىر يولۇچىنىڭ، باسقان ھەر قەدىمى، ئۇنى

نىشانىغا يەتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا نىشاندىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇ خۇددى نادان

بىلىمسىزنىڭ دىندارلىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دىندارلىقى كۈچەيگەنسېرى ئازغۇنلىقىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ، ھەر نامازنىڭ پەرزى بولغان « ئىستىقبالى قىبلە»، ئەسلىدە بىر نىشانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنداقتا، ئەقىل كومپاسى ماگنىت تۇزاقلاردىن ۋە ساختا ئېزىتقۇلاردىن

قانداق قوغدىنىشى كېرەك؟

مانا بۇ نۇقتىدا، رامىزان بىزگە سۇنغان ئىمكانلىرىغا مۇراجىئەت

قىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ، رامىزاننى بىزگە بىر ئىمكان قىلىپ سۇنغان مەقسەتكە، يەنى ۋەھيىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەك. قۇرئانغا تاپىدىغان تەڭرىچاق ھالىتىدىن چىقىرىپ، ھاياتىمىزنى بەرپا / ئىنشا قىلىدىغان بىرىنچى نومۇرلۇق ئامىل دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

ۋەھى، ئىنساننى يارىتىلىش مەقسىتىگە يارىشا تەربىيەلەيدىغان بىر

ئىلاھى لايىھە . ۋەھىي بۇ لايىھەنى، تەسەۋۋۇرى، ئەقلى ۋە شەخسىيىتىنى ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ئىنسانلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. تۇنۇگۇن بۇنى بىر قېتىم تەكرار قىلدى. تۇنۇگۇن قىلغان ئىشنى بۈگۈنمۇ قىلىدۇ. ئېغىزلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈدىغانلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇنى يەنە قىلىدۇ. بۇ ئىلاھىي بىر ئامانەت بولغان ۋەھيىگە بولغان ساداقەتنىڭ تەقەززاسى.

يارىتىلىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن بىر ھاياتنى بەرپا قىلىشقا مەسئۇل

بولغان ئىنسان، مەلۇم بولغان تارىخ ئىچىدە ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئامانەتكە ھەر دائىم سادىق بولالىمىدى. يارىتىلىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جەھەتتىكى ھەر پەرۋاسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەت، ئىنسان ئوغلىغا ئېغىر كۈلپەت ئېلىپ كەلدى. جىمى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا كەلگەن ئىلاھى چاقىرىقلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ، ئىنسانلارغا ئۇنۇتقان ياكى قەستەن تەرك قىلغان بۇ مەسئۇلىيىتىنى ئەسلىتىش ئىدى. ئامانەتكە خىيانەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھەرخىل مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە ئېغىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي جاھىللىق قىلغان قەۋملەر ئۆزىنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلاتتى.

ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىيالوگى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان

بارلىق ئىلاھى ۋەھىيلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەمسىل قىلغان قۇرئان ۋەھيي، رەھبەرلىكىنىڭ كىشىلەردىن پىرىنسىپلارغا ئۆتكەنلىكىنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. قۇرئاننىڭ « پەيغەمبەرلەر تۈگەنچىسى» گە كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيي بولۇشىنىڭمۇ مەنىسى بۇ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ، زامانىۋى دەۋرلەرنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىلاھى بىر بىشارەت ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنىڭ ئىجابيي ۋە سەلبيي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بىرىشى جەھەتتىنمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى. ئاللاھ نىڭ ھاياتىمىزغا ھەمىشە مۇداخىلە بولىدىغانلىقى ( ئارىلىشىدىغانلىقى )غا ئىمان ئېيتقان ئىكەنمىز، زامانىۋى ھاياتىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئارىلىشىشىدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىگە قەلبىمىز ئىشىنىشى كېرەك. قۇرئان كۆرسەتكەن ئىمان بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

زامانىۋىي ھايات مانا بۇ چۈشەنچە بىلەن ئوقۇلغان ۋاقىتتا، ئىنسانىيەت

تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك تەلەيسىزلىكى بولغاندەك، ئەڭ چوڭ پۇرسىتىمۇ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بىرىدۇ. ئىنسانىيەت، تارىخىنىڭ ھىچبىر دەۋرىدە زامانىۋى دەۋرلەردىكىدەك ئومۇميۈزلۈك بىر ئېزىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلانمىغانىدى. لېكىن بۇ، ئىنسانىيەت ئائىلىسىگە تارىخىنىڭ ھىچبىر دەۋرىدە خىيالىغىمۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دۇنياۋى بىر يۈزلىنىشنى بەلگىلەش

ئىمكانىنىمۇ سۇنۇپ باقمىغان ئىدى. بۇ ئىمكاندىن پايدىلىنىش ئىمانغا

باغلىقتۇر. بارلىق رامىزانلارنىڭ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىمكاندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ھەر مۇئمىن رامىزان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

## 4 ـ باب قۇرئان ئېيى رامىزان

رامىزان مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ۋەھىينىڭ ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۇمىدىمۇ بار بولۇپ تۇرىدۇ.

# قۇرئان ۋە رامىزان ـ 4

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان توغرىسىدىكى ھەدىسلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئوقۇيدىغان بولساق، مۇنداق ئاجايىپ بىر نەتىجىگە ئېرىشىمىز: رامىزان، تەسىر قىلىش دائىرىسى مەلۇم بىر ماكان ياكى مەلۇم بىر ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان ئالەمشۇمۇل بىر ئىمكان.

ھەزرىتى پەيغەمبەرمۇ « ئالەمشۇمۇل ئىمكان » ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان رامىزاننى، يەر يۈزىنىڭ ھەممە يېرىدە يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس ھالدا يېڭىدىن تەربىيەلىنىش سەپەرۋەرلىكىگە ئايلاندۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، يۈرىكىمىز، ئۆز ئىنسانلىرىمىز ۋە ئۆز تۇپراقلىرىمىزدا بولسىمۇ يېڭىدىن تەربىيەلىنىش سەپەرۋەرلىكىگە ئايلاندۇرالمايۋاتىمىز.

ۋەتىنىمىزدىكى ئەجنەبىيلەر تەرىپىدىن رامىزانغا قارشى ھەر يىلى « پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش » تاكتىكىلىرى قوللىنىلىپ ئىجرا قىلىنىۋاتقان سۈيىقەستلەر، رامىزان ئۆز ئىچىدە ساقلىغان تەڭدىشى يوق يوشۇرۇن ئىمكانلارنى « يەرلىكلەردىن » بەكرەك « ئەجنەبىيلەر » نىڭ بىلىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

بۇ « يەرلىكلەرنىڭ » رامىزاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىمكانلارنى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى .

بۇ ئىمكانلار پەقەت ئەقىدىۋي ۋە دىنىي تەرەپ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلارغا رامىزان ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي

ئىمكانىيەتلەرنىمۇ قوشسىڭىز بولىدۇ. رامىزان ئېلىپ كەلگەن ئىمكانلارنى، پەقەتلا ياربدار ئىمانلارنىڭ ۋە خارابىگە ئايلانغان يۈرەكلەرنىڭ ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئەمەس، ئەخلاقىي گۇمراھلىقتا مۇپتىلا بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن پايدىلىنىشى مۇمكىن.

بۇنىڭ ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان شەرت، شارقىراپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان رامىزان بۇلىقىنى، قۇرئان شەكىللەندۈرگەن ئېقىنغا يۈزلەندۈرۈپ ئۇنى ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇش. چۈنكى رامىزاندىكى يوشۇرۇن ئىمكانلاردىن، قۇرئانسىز ھالدا تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ .

ۋەھىي، ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى دىيالوگنىڭ ئاللاھتىن ئىنسانغا يۈزلەنگەن قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا: ئىسلام، ئاللاھقا تەسلىمىيەتنىڭ ھاياتقا ئايلانغان شەكلى. بۇ تەسلىمىيەت، بۇ دۇنيادا سىلىم ( تىنچلىق )، ئاخىرەتتە سالامەتلىكنى ( مەڭگۈلۈك بەختنى ) ئېلىپ كېلىدىغان بىر تەسلىمىيەت بولۇپ، ئۇ، ئىنسان ئېڭىنىڭ ئەڭ تاۋلانغان ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان « مەسئۇلىيەت ئېڭى »، يەنى تەقۋا زېمىنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ئىنسانىنىڭ شەيئىلەرگە؛ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاللاھقا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئىنساننىڭ ئىنساندا ئىنسانىي ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئەڭ نېگىزلىك تەربىيەلەش ھەرىكىتىدۇر. بۇ تەربىيەلىنىش ھەرىكىتىنىڭ نىشانى، ئالدى بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بولىدۇ. يەنى ئىنساندىن ئاللاھقا تۇتاشقان بىر ئاڭ سەپىرى. بۇ سەپەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

بىكتى ئاللاھقا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولىدۇ. ئەنە شۇ نۇقتىدا تەربىيەلىنىش ھەربىكتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ئاللاھتىن ئىنسانغا يۇزلەنگەن يولنى بويلاپ بۇ سەپەر تاماملىنىدۇ. تەربىيەلىنىش سەپىرى، يىپقى مىراج ۋە نۇزۇل...

بۇ ئۆرلەش ۋە چۈشۈش، قۇرئاننىڭ ئاللاھ بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرگەندە ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدىغان ئۇقۇملاردىن بىرى بولغان « زىكىر » نىڭمۇ ھەقىقىتىنى كۆرسىتىدۇ. « قىنى، مىنى ياد ئىتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئىتەي » (2:152) بۇ قوش يۆنىلىشلىك ئەسلەش / زىكىر، بىر قوش يۆنىلىشلىك مىسلىسىز تەربىيەلىنىش سەپىرىدىن ئىبارەت.

تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن دۇئا.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاققان ئىجابەت.

ئىنساندىن ئاللاھقا يۈكسەلگىنى ئۇبۇدىيەت.

ئاللاھتىن ئىنسانغا لەيلەپ چۈشكىنى رۇبۇبىيەت.

ئىنساندىن ئاللاھقا يۈكسەلگىنى سوئال.

ئاللاھتىن ئىنسانغا چۈشكىنى جاۋاب .

ئىنساندىن ئاللاھقا ئۆرلىگىنى ئاڭ.

ئاللاھتىن ئىنسانغا نازىل بولغىنى ۋەھىي.

ئىنساندىن ئاللاھقا ئۆرلىگىنى كۆپلۈك.

ئاللاھتىن ئىنسانغا چۈشكىنى بولسا ۋەھدەت / بىرلىكتۇر.

دىمەك، ۋەھىي ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس تەربىيەلىنىش ئۈچۈن بىرىلگەن ئىلاھىي بىر لايىھە . ماڭىدىغان / جانلىق ئايەت

# 4 ـ باب قۇرئان ئېيى رامىزان

بولغان ئىنسان، ئىنساننىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتمۇ بىر ئىلاھى تەربىيەنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئىلاھىي لايىھەنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئىنسان، ۋەھيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، هايات بىناسىنىڭ مىمارى بولىدۇ. بۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن تەبىئەتتىن پايدىلىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئىنسان ئىلاھىي خىتابنىڭ ئەسىرى، هاياتنى شەكىللەندۇرگۇچى.

ۋەھيىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتى ئىنسانغا بېرىلگەن. ئاللاھ ئىنسان

بىلەن سۆزلەشتى، ئادەم بالىلىرىنىڭ تارىخى ئاللاھ بىلەن ئىنسان دىيالوگىدىن تەركىب تاپقان. ئىنسان ئاللاھنىڭ بەندىسى، يەر يۈزىنىڭ ئىگىسى قىلىنغان.

رامىزان، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھتىن، ئالەملەرگە رەھمەت

بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق، پۈتۈن ئالەملەرگە / ئىنسانىيەتكە كەلگەن ۋەھيىنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتىدىن بەرپا قىلىش مەۋسۇمى ئەمەسمۇ؟

# 5-باب روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتقانلىق

## ئى رامىزان، كەل بىزنى تۇت!

زامانىۋى شەھەرلەر، ئاچلىقتىن ئۆلگەن روھلار قەبرىستانلىقىغا ئوخشايدۇ. كېلىشكەن ۋۇجۇدلار ئۆلگەن روھلار تاۋۇتىغا ئايلىنىدۇ. قۇرئان بۇلار ئۇچۇن « كېيىندۇرۇلگەن ئۇستىخان » ئىپادىسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىنسانىنىڭ « ئىنسان » تەرىپى ئارقىغا ئېلىنىپ، « بەشەر ( ئىلاھىي روھ پۈۋلىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى ) » تەرىپى ئالدىغا چىققان بولىدۇ.

روھ ئۇچۇن، « ئۆلۈم » بىر ئوخشىتىش. روھلار ئۆلمەيدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم دېگەن نەرسە، شەكىل ئۆزگەرتىش، خالاس. ئۆلۈم يوقۇلۇش ئەمەس، بەلكى يېتىپ بېرىش. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، روھنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە سۆز قىلىش، خۇددى روھنى يوقۇتۇپ قويغان جانسىز بىر بەدەنگە ئوخشاش، ھاياتنىڭ مېيىتقا ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدە توختالغانلىق بولىدۇ. پەقەت يۆتكىلىشتىن ئەمەس، « ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش » ھەققىدە توختالغانلىق بولىدۇ.

ئاچلىقتىن ئۆلگۈدەك ھالدا، روھنى ئاچ ۋە سۇسىز قالدۇرۇش، ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق بولىدۇ. جىسمى ئۆلۈۋېلىشنىڭ نەتىجىسى جەسەتنى مازارغا كۆمۈش؛ مەنىۋى ئۆلۈۋېلىشنىڭ نەتىجىسى روھنى ۋۇجۇدقا دەپنە قىلىش بولىدۇ. روھقا مازار بولغان بىر ۋۇجۇدنىڭ ئاشخانا، ياتاق / قونالغۇ، ئىشخانا ۋە تاھارەتخانا ئارىسىدا قاتراشتىن باشقا قىلىدىغان بىر ئىش يوق. بۇنداق بىر كىشىنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، ئوخشاش بىر دۇنيادا / زېمىندا ياشاۋاتقان باشقا جانلىقلاردىمۇ بولىدىغان تەبىئىي ھاياتتىن ئىبارەت. بۇنداق بىر ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ دۇنيا بىلەن چەكلىنىپ قالغان.

ۋۇجۇد تاۋۇتىدا روھنىڭ جىنازىسى، پەقەت يەنە بىر يۇزى بولمىغان بىر تەرەپلىمە پانىي دۇنيالىق ھايات چۈشەنچىسى بىلەن مازارغا ئېلىپ مېڭىلىدۇ. بولمىسا، بىر ئىنسان ۋۇجۇدىنى روھىنىڭ مازارى قىلىشقا قانداقمۇ رازى بولىدۇ دەيسىز؟

پەقەت روھىي ئاچلىقنى بىلىپ يېتىدىغان ئۆزلۈك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، بۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمىغانلار روھلىرىنىڭمۇ ئېچىرقايدىغانلىقىنى، چاڭقايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. قورساقنىڭ ئاچقانلىقىنى ئېنزىملار مېڭىگە خەۋەر قىلىدۇ ۋە كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، غىزالىنىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكۈزىدۇ. يەنى ئېنزىملار بىر خىل ئىچ « رەسۇل ـ ئەلچى ». ئۇلار بولمىسا، ئىنسان قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىدىن خەۋەردار بولالمايدۇ.

ئاللاھنىڭ رەسۇللىرى بولماي تۇرۇپ، ئىنسان روھىنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولالمايدۇ. ئۇلار بىر جەھەتتە، روھ ئېنزىمى رولىنى ئويناپ، ئىنسانغا روھىنىڭ ئېچىرقاپ ۋە چاڭقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىنساننى روھىنىڭ غىزاسىغا يۈزلەندۈرىدۇ. ئىنسانىنى، روھنى ياراتقان ۋە ئۇنى ئۆز ئىلكىدە تۇتقۇچى ئاللاھ تەييارلىغان « ساماۋى داستىخان »غا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ داستىخان ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادەم باللىرى، نېمىنى يېسە ئۆزىگە ھايات بەخش ئېتىدىغانلىقىنى، نېمىنى يېسە ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇ داستىخانغا قاراپ ئۆگىنىدۇ. مەۋجۇدىيەت، ھايات ۋە ئۆزىنى ئۇ داستىخان ئارقىلىق ئوقۇيدۇ. ئۇ داستىخانغا قاراپ، ئۇ داستىخاننىڭ ساھىبخانى ۋە ئۆزى ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. روھ ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى بولغان ئەقىل، ئىرادە، ئاڭ، ئىدراك ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتىنى قانداق بېقىپ چوڭ قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئاسراپ پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى ئۇ داستىخاندىن ئۆگىنىدۇ.

رامىزان ساماۋى داستىخانلارنىڭ تاجى بولغان قۇرئان ۋەھيىنىڭ، ئۆزىدە نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئايلار سۇلتانى بولدى. ۋەھيى تۇغۇلغان ئاينىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق مۇبارەكلەشنىڭ ھېكمىتى، روھلارنىڭ

ئېچىرقايدىغانلىقى، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئىدى.

روھنىڭ ئاچلىقىنى ھېس قىلغۇچى، ھاياتنىڭ، ئىنساننىڭ، ھەتتا ئۆزىنىڭ مېيىتقا ئايلىنىپ قېلىشىغا رازى بولمايدۇ.

ئىنسان ئاچ روھنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىشەنچلىك مەنبە ئىزدەيدۇ. بۇ ئىزدىنىش ئۇنى ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلەندۇرۇپ، قەلب ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. پۈتۈن مەسىلە دەل مۇشۇ. زامانىۋى ھايات، جىمى ئامىللىرى بىلەن ئىنساننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. ئۇ مەھلىيا قىلغۇچى جەلپ قىلارلىقى بىلەن ئىنسانغا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆزىنى ئۇنۇتقان ئىنسانلار ئۆزىنى تونالماي قالىدۇ. ئۆزىنى تونالمىغان كىشىنىڭ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشى مۇقەررەر.

روزا تۇتۇش بۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى تونۇتقانلىق بولىدۇ. ئىنسان قانداق بىر زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ھەممىسى ئۆزىنى تونالمىغانلىقتىن بولماقتا. ئۇ تىزگىنلىيەلمىگەن تىل، قول، نەپس، ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئاچچىقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئۆزىنى تونۇۋېلىش ئۆزى تەرەپتە تۇرغانلىق بولىدۇ. ئۆزىنى تونۇۋالغۇچىنى ئاللاھنىڭمۇ تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم. ئۆزىنى باشقۇرالمىغان كىشىنى، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن تىزگىنلىسۇن؟ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئۆزىگە يۈزلەنگەن كىشى، ئىچكى دۇنياسىدا تونجى ئۇچرىتىدىغان زات، ئۆزىگە جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن بولغان ئاللاھتۇر. بۇنى بىلىپ يەتكەن ۋاقىتتا، فىترىتىدىكى بەندە بولۇش ئېھتىياجىنىڭ ھەقىقىي ئادرېسىنى تاپقان بولىدۇ. بۇ ئىنساننى بەندىگە ۋە نەپسىگە قۇل بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھى. چۈنكى ئىنساننى كامىل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كۈچى ئىسلامدا بار. ئىنساننىڭ تىرىك مېيىتقا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى پەقەت ئىسلام ئالالايدۇ. كاپىرلار خالىمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ بىر كۆز يۇمغىلى

بولمايدىغان ھەقىقەت. ئىسلام مەۋجۇت بولغان مۇددەتكىچە، ھاياتقا بولغان

ئۇمىد ھەر دائىم مەۋجۇت بولىدۇ. ھاياتنى ئىچىدىن مۇداپىئە قىلىدىغانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

مۇسۇلمان دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى تېررورىست قىلغان جاھانگىر كۈچلەر، ئىسلامنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە سۆز قىلىشماقتا. بۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان يۈزسىزلىك. ئىنسانلارنىڭ روھىغا تاجاۋۇز قىلغانلارنىڭ، ئىسلامنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇشتىن ئېغىز ئېچىش ھەققى يوق. ئۇلار ئىنساننى تىرىك مېيىتقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئەنئەنىنىڭ ۋارىسلىرى. قۇتقۇزماقچى بولغان بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇشى كېرەك. ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن روزا تۇتقان بىر مۇسۇلمان مەۋجۇت بولغان مۇددەتكىچە، ئىسلامنىڭ روھى ياشايدۇ، ئۆلمەيدۇ.

# روزا تۇتۇش ئۆزىنى تىزگىنلەشتۇر

قايغۇمـىز ئۆزىمـىز ئۇچۇن. ئۆزىنى بىلـمىگەن نىمـىنى بىلـىدۇ دەيسـىز؟ ئۆزى بىلەن ئەپ ئۆتەلمىگەن كىشى باشقىلار بىلەن قانداقمۇ ئەپ ئۆتسۇن؟ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان كىشى نىمىگە ئېرىشىدۇ؟

تۇركچىمىزدىكى « ئوروچ ( روزا ) تۇتۇش » نىمە دېگەن ياخشى تەبىر. دائىم ياقتۇرىمەن بۇ تەبىرنى. « تەبىر » دەپ ئاتىشىم سەۋەبسىز ئەمەس. چۇنكى، روزىغا مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇر ۋە زېھىن ھەرىكىتىمىزدە بىرەر « كىچىك ( ئۇبۇر ) »، بىرەر « كۆۋرۈك » رولىنى ئويناىدۇ بۇ ئىپادە.

«روزا» نىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى « ساۋم ». بۇ سۆزنىڭ ئۇدۇلىغا لۇغەتلەردە

« ئىمساك » سۆزى يەرلەشتۇرۇلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا « تۇتۇش، تىزگىنلەش »

دېگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى سوئالغا بىر قېتىمدا جاۋاب بېرىش قىيىن: روزا بىزنى تۇتامدۇ ياكى بىز روزىنى تۇتامدۇق؟

بىز روزىنى تۇتقانلىقىمىزنى داۋا قىلىمىز. بۇ مەلۇم جەھەتتىن توغرا... ئەمما بۇ ھەقىقەتنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە توغرا بولغان قاراش ـ بىز روزىنى، روزا بىزنى تۇتسۇن، دەپ تۇتىمىز.

تىلىمىزدا تۇتۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك نىمە دېگەن كۆپ ۋە كەڭ دائىرىدە ئىپادىلەر بار:

تۇتتۇم بۇ ئادەمنى...

ئۇنى كۆزۈم تۇتمىدى ( كۆزۈمگە سىغمىدى )

بۇ ئىش تۇتمىدى ( قاملاشمىدى )

دېمىگەن بولسام بولۇپتىكەن، تىلىمنى تۇتالمىدىم / يىغالمىدىم...

ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، بىر سارائگىلىق قىلدىم. . .

كۆرگىنىمىزدەك ھەممىسىدە تۇتۇش ئىجابىي تۈس مەنىسىگە ئىگە. قوبۇل قىلىش، ئىگە بولۇش، سۆيۈش، ئۇلپەت پەيدا قىلىش، ئىگە بولۇش، باشقۇرۇش، تىزگىنلەش، ئۆزىنى بىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرىقى مەنىسى. « ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش » ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئىش. ئىنسانغا كەلگەن مۇسىبەت « ئۆزىنى تۇتالماي قالغانلىقى »دىن كېلىدۇ. گۇناھلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكنىڭ مەھسۇلى. ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەر ئۆزىنى تۇتالماي قالغاندا يۈز بېرىدۇ. ئىنسان تىلىنى يىغالمىغان ۋاقىتتا، رەنجىتىدۇ ۋە رەنجىپ قالىدۇ. قولىنى تىزگىنلىيەلمىگەن ۋاقىتتا، ئۇرۇپ ـ چاقىدۇ. ئۆزىنى تۇتالمىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ، ئۆزىگە ئۇۋال قىلىدۇ، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. . .

ئۆزىنى تۇتالمىغان ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ، تىزگىنلىگۈچى ئەمەس، ئۇنىڭغا مەھكۇم بولۇپ قالىدۇ. ئىگە بولالمايدۇ، قۇل بولىدۇ. ئەسىر كۆرسەتكۈچى ئەمەس، ئەسىرگە ئۇچرىغۇچى بولىدۇ. ھايات ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، ئەكسىچە ھايات ئۇلىغى ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغان بولىدۇ. ھاۋايى ـ نەپسىنى تىزگىنلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا ئەسىر بولىدۇ. ئاڭلىق ھالدا مۇئامىلە قىلالمايدۇ. چۈنكى زېھنىنى يوشۇرۇن ئاڭ ( مېڭىگە ئورناپ كەتكەن خاتا چۈشەنچە ) تىزگىنلىۋالغان بولىدۇ. ھالبۇكى، زېھىن يوشۇرۇن ئاڭنى تىزگىنلىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا، ئات بىلەن چەۋەندازنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان؛ چەۋەنداز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، چەۋەنداز ئاتنى يۈدۈۋالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىنسان قىلالايدىغان قىيىن ئىش. روزا بىزنى مانا بۇ

قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆزىنى تۇتۇق دەپ ئويلىغان روزا، ئەسلىدە بىزگە

ئۆزىـمـىزنى تۇتۇشنى ئۆگـىتـىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك تۇيغۇمـىزنى، شەھۋىتـىمـىزنى تـىزگـىنلەشنى ئۆگـىتـىدۇ.

بۇ تۇيغۇلـىرىنى تـىزگـىنلـىيەلـمـىگەن كـىشـىلەرنـىڭ قانداق قـىلـىپ يولدىن چـىقـىپ كەتكەنلـىكـىنى، هارام ـ هالال دېمەي يـىغقانسېرى يـىغـىدىغان بولۇپ كەتكەنلـىكـىنى، سـىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ ماڭـىدىغانلـىقـىنى كۆرۈۋاتـىمـىز. يەپ ـ ئىچىش تۇيغۇسـىنى تـىزگـىنلـىيەلـمـىگەن كـىشـىنـىڭ ئاچ قـىلـىشتـىن قورقـىدىغانلـىقـىنى بـىلـىمـىز. ئاچ قالغان كـىشـىنى تويغۇزۇش ئاسان، لېكـىن ئاچ قېلـىش ئەندىشـىسـىگە گـىرىپتار بولۇپ قالغانلارغا پۈتۈن دۇنيانى يېگۈزسـىڭـىزمۇ تويغۇزالـمايسـىز.

روزا تۇتۇش نەپسـىنى تـىزگـىنلەش بولۇپ، ئۇلارنى تـىزگـىنلەپ تۇرۇشتۇر. يوشۇرۇن ئاڭ زېهـىننى تـىزگـىنلـىمەسلـىكى ئۈچۈن، يوشۇرۇن ئاڭـنى دائىم تـىزگـىنلەپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، زېهـىننى ئازدۇرغۇچى نەپسـىنـىڭ قۇلى بولۇپ قېلـىشتـىن ساقلاپ قالغـىلى بولـىدۇ.

ئىچكى هېس ـ تۇيغۇلار تـىزگـىنلەنسە، ئۇلارنـىڭ ئاڭـنى ئەسـىر قـىلـىشـىنـىڭ ئالدى ئېلـىنـىسا، بۇنـىڭ هەم ئاڭ هەم ئىرادىنـىڭ كۈچلـىنـىشـىگە ياردىمى بولـىدۇ. ئاڭ كۈچلەنسە، شەخسـىيەت / خاراكتېر كۈچلـىنـىدۇ. بۇ مەسئۇلـىيەت تۇيغۇسـىنى بەرپا قـىلـىشـىنـىڭ ۋە ئۇنى كۈچەيتـىشـىنـىڭ يولى. مانا بۇ سەۋەبتـىن روزىنى پەرز قـىلغان ئايەتتە مۇنداق بايان قـىلـىدۇ: « بۇ ئارقـىلـىق مەسئۇلـىيەت تۇيغۇسـىغا ئىگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن... ». ئايەتنـىڭ بۇ قـىسـمى روزىنى مەقسـىتـىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىنسانىنـىڭ ئاڭ، ئىرادە ۋە شەخسـىيەت سەۋىيەسى ، ئۇ ئىگە بولغان مەسئۇلـىيەت تۇيغۇسى بـىلەن ئۆلچـىنـىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئاساسـىدا ئادا قـىلـىنغان هەر « ياخشـىلـىق »، پەزىلەتلـىك ئىش دەپ سۈپەتلـىنـىدۇ. مانا بۇ پەزىلەتنـىڭ ئۆزى .

مانا بۇ سەۋەبتـىن روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتقانلـىق بولـىدۇ. كـىشى روزىنى قانچـىلـىك تۇتسا، روزىمۇ كـىشـىنى شۇنـىڭغا لايـىق تۇتـىدۇ. كـىمكى روزىنـىڭ

## 5ـ باب روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتقانلىق

بېشىنى تىك تۇتسا، روزىمۇ ئۇنىڭ بېشىنى تىك تۇتىدۇ ۋە بەندىگە قۇل بولۇشتىن ساقلايدىغان قالقان، بەندىگە قۇل بولۇشتىن ساقلايدىغان بىر ئەقىلگە ئايلىنىدۇ.

روزىغا ھەددىدىن زىيادە مەنا بەردى، دەپ ئويلاپ قالغانلار، ئۇلار روزىنىڭ مىسلىسىز بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ تەڭدىشى يوق بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىشى كېرەك. بىر پارچە، ئۆز رولىنى ئۆزى ئائىت بولغان ئەڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە جارى قىلدۇرىدۇ. ئىسلام بىر پۈتۈن ھايات شەكلى بولۇپ، روزا، ناماز، زاكات ۋە باشقا ئىبادەتلەر بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىرەر پارچىسى. خۇددى ئىنسانىنىڭ ھۈجەيرىلىرىگە ئوخشاش، دىنىنى تەشكىل قىلغان ئامىللارمۇ ئۆز ئىچىدە پاراللېل ۋە يانتۇ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. روزىغا مانا بۇ سەۋەبتىن ئائىت بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدىن قاراش كېرەك. روزا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە پەقەت بۇ شەكىلدە ئىگە بولالايدۇ.

ئۆزىگىزنى ياخشى ئاسراڭ. لېكىن ئالدى بىلەن « ئۆزىگىزنى تۇتۇۋېلىڭ ». ئۆزىنى تۇتالىغان، ئۆزىگە ياخشى قارىيالايدۇ. ئۆزىنى تۇتالىغان روزىنى تۇتالايدۇ.

# روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇش، روزا ئارقىلىق قەددىنى تىك تۇتۇشتۇر

رامىزان، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلارغا قارشى بەرىكىتى، ئىنايىتى، ھىدايىتى ۋە مۇھەببىتى بىلەن يەنە كەلدى.

ھەر كىم ئۇنىڭدىن ئۆزىگە چۇشلۇق بىر ھەسسە ئالالىدى. ئۇ يوقسۇللارنىڭ داستىخىنىدا ئىسسىق بىر قاچا ئۇماچ ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان قول بولدى. گۇناھ ئاققان كوچىلارنى پاكلايدىغان رەھمەت يامغۇرى، مىسكىن كۆڭۈللەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئۇمىد بولدى. گۇناھكارلار قاقىدىغان ھەق دەرۋازىسى بولدى.

مۇئمىنلەر روزىنىڭ پېشىنى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى چىڭ تۇتقاندەك تۇتتى.

ئەقەبەدە، ساھابىلەر بەيئەت قىلىش ئۇچۇن سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنىڭ قولىنى تۇتقاندەك چىڭ تۇتتى.

ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى يېڭىلاشنىڭ بىر پۇرسىتى دەپ بىلدى رامىزاننى. رامىزان پۇرسىتىنى غەنىيمەتلەرنىڭ ئەڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەسى، دەپ بىلدى.

روزىنى پەقەت ئاشقازانلىرىغا تۇتقۇزمىدى. كۆزلىرى، قۇلاقلىرى، قوللىرى، ئاياغلىرى، تىللىرى، ئېغىزلىرى، كۆڭۈللىرى، ئەقىللىرىمۇ روزا تۇتتى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن ئىدى: روزىدا شەيتانلارغا كىشەن سېلىنىدۇ.

# 5ـ باب روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتقانلىق

رامىزاندا شەيتانلارنىڭ قانداق باغلىنىدىغانلىقىنى كۆردى. كۆرۈندىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان شەيتانلارنىڭ . شەخسى، كوللىكتىپ ۋە ئاممىۋى شەيتانلارنىڭ.

رامىزاننىڭ مۆئمىننى قانداق ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى كۆردى. روزا بىلەن سىنالغان ئىرادىنىڭ، بۇ ئىمتىھاندىن يۈزى ئاق ھالدا چىققاندا، ئۇنىڭ ئەگكىلى بولمايدىغان پولاتتەك تاۋلانغان ئىرادىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى .

يەنە بەزىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن رامىزاندىن بىسمىللادىن قاچقان شەيتاندەك بىئارام بولغانلىقىنى؛ نېمە ئۈچۈن گەندە پۇرىقى ئالغان چىۋىندەك، روزىدىن قاچقانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتتى.

روزا ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئارىسىدا ئاققان ئىككى ئېقىندىن پاكىز بولغان ئېقىنغا كىردى. ئۆزى ئائىت بولغان ئىنسانىيەت كارۋىنىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەتلىرىگە مەنسۇپ بولۇشنىڭ، تارىخ ئىنسانىيەت بىلەن تەڭتۇش بولۇشنىڭ پەخرىگە ئىگە بولدى.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قۇرئان «رامىزان روزىسى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى » دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ، روزا ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋەھىي ئەنئەنىسىنىڭ ئۆزگەرمەس بىر قانۇنىيىتى دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

ھەئە، شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا روزىدار ھەر مۆئمىن، تۇنجى ئىنساندىن بۈگۈنگىچە ئۆتكەن ئىنسانىيەت كارۋىنىغا قوشۇلغان بىر يولۇچى، ئەلچۆتتە. روزا شۇڭا بىر ئامانەت.

خۇددى ئۇنى بىر تۇغ، بىر بايراق، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ...

ھەر بىر مۇئمىن، بۇ ئامانەتكە ساداقەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇشى كېرەك. روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتالمىغانلار، روزىنى ئەسلى روھىغا ئۇيغۇن ھالدا تۇتالمىغان بولىدۇ. روزىنى پەرز قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھ، رامىزاننىڭ قۇرئان تۇغۇلغانلىقىنىڭ تەنتەنىسى ئېيتماقتا:

« رامىزان شۇنداق بىر ئايدۇركى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېتەكچى بولغان، يولباشلىغۇچى ۋە ھەقنى باتىلدىن ئايرىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان مانا بۇ ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىدى ».

ئۇنداقتا، روزا تۇتۇش دېگەنلىك قۇرئاننى تۇتۇش، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى

تۇتۇش دېگەنلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ قۇرئاننى ھاياتنىڭ ئىچىدە، كۈنتەرتىپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇتۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

قۇرئان كۆرسەتكەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۇتماستىن روزىنىڭ بېشىنى

قانداقمۇ تىك تۇتقىلى بولسۇن؟

ئۇ شۇنداق قۇرئانكى، رامىزان ئۇ نازىل بولغانلىقى ئۈچۈن مۇبارەك

بولغان.

مۇئمىنلەر بېشىنى تىك تۇتۇشقا، بۈگۈن باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا بەكمۇ

موھتاج . چۈنكى بەزىلەر ئۇلارنى بوينى پۈكۈلگەن، قەددى ئېگىلگەن ھالدا كۆرۈشنى بەكمۇ خالايدۇ. شۇڭا، گەدىنىگە مىنىدۇ، ئىتتىرىدۇ ۋە دۆشكەلەيدۇ. مانا پۇرسەت، مانا رامىزان.

## 5 ـ باب روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتقانلىق

رامىزاننىڭ بېشىنى تىك تۇتقانلار! قىلچىلىك شۇبھىڭىز بولمىسۇن، روزىمۇ بېشىڭىزنى تىك، قەددىڭىزنى رۇس تۇتىدۇ.

# روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇڭ، روزىمۇ بېشىڭىزنى تىك تۇتسۇن

شەمسەددىن شامىنىڭ قامۇسى تۈركىنىڭ « ئوروْچ ( روزا ) » ماددىسىدا مۇنداق مەلۇمات بار: « پارىسچە روْزە سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ` ر ۋە ` ل بىلەن باشلانغان سۆزلىرى بولمىغاچقا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ بېشىغا دائىم كەلىمىنىڭ سوزۇق تاۋۇشىغا ماس ھالدا بىر تاۋۇش قوشۇلىدۇ، بۇ شۇنىڭ بىلەن ئوروْچ بولغان ( روْسنى ئوروْس، رامىزاننى ئىرامىزان دەپ ئاتىغىنىدەك»).

ئوروْچ سۆزىنىڭ يىلتىزىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىدىكى مەلۇماتقا ئاساسەن، قەدىمكى تۈركلەردە روزىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىبادەتنىڭ ئىسلام ئارقىلىق باشتا پارسلارغا، ئاندىن بىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتالايمىز.

روزىنىڭ قۇرئاندىكى ئاتىلىشى ساۋم. ساۋم بۈيۈك ئەرەب تىلى ئېنسىكلوپېدىيەسىدە بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، « تەرك ئېتىش ۋە بەرداشلىق بېرىش تۇسىنى ئالغان سەبىر» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ساۋم سۆزىنىڭ يىلتىز مەنىسىگە ئاساسەن، روزىنىڭ « تۇتۇش » ۋە « تاشلاش » تىن ئىبارەت بىر - بىرىگە زىت ئىككى مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. روزىنىڭ مەقسىتىمۇ، بۇ مەنىنى ئىنسان ھاياتىدا ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈش. يەنى « تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنى تۇتۇش » ۋە « تاشلاش زۆرۈر بولغان ۋە تەرك قىلىش پايدىلىق بولغانلارنى » تاشلاش.

رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغان قۇرئان ئايىتىنىڭ بۇ پەرزنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق ئاخىرلىشىشى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەتىجە بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە: « لەئەللەكۇم تەتتەقۇن - ئۆزۈڭلارنى ساقلىشىڭلار / قوغدىشىڭلار ئۈچۈن...».

نەتىجىدە، پەقەت « ئۆزىنى ساقلىغانلار قوغدىلىپ قالىدۇ ». تەرك ئېتىشنى بىلگەنلەر بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. يوقاپ كەتمەيدىغان ۋە ياخشى نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆتكۈنچى ۋە يامان خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى تاشلاش شەرت. بەزىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان نەرسىڭىزنىڭ سانى، تاشلىۋېتەلەيدىغان نەرسىڭىزنىڭ سانى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. يەنى تاشلىۋەتمەي ئېرىشمەكچى بولۇش، خۇددى بەدەل تۆلىمەي قولغا كەلتۈرۈشكە ئوخشايدۇ. تۇتقان نەرسىڭىز مەقسىتىنى، سىزدە نامايەندە قىلىپ ـ قىلالماسلىقى، سىزنىڭ نېمىلەردىن ۋاز كېچەلىشىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ساقلىنىشىڭىز، پەقەت ئاللاھتىن قورققان ھالدا ئۆزىڭىزنى تارتقانلىقىڭىزنىڭ بىر مۇكاپاتى بولىدۇ.

بىز ئەقىدە قىلغان قىممەت / ھەقىقەتنىڭ بىزدە قانچىلىك ئىز قالدۇرغانلىقىنى ۋە ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزدىن بۇ سوئالنى سوراپ بېقىشىمىز كېرەك:
مىڭ قېتىم 28 ـ فېۋرال ۋەقەسى بولسا ( 1997 ـ يىلى 28 ـ فېۋرالدا تۈركىيە

دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنىدا دىنى پائالىيەتلەرنىڭ كۆچىيىشىنى چەكلەش قارار

قىلىنغان )، بىر رامىزان بۇ مىللەتتە قالدۇرغان بىر مەنىۋى كەيپىياتنى يوقىتالامدۇ؟

قانچە كىشى ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان قىممەت / ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان، ئاتالمىش سەرخىللار دۆلەت كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان يالغان ۋە سۈنئىي قىممەتلەر ئۈچۈن، ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىدۇ. جىنىدىن، مىلىدىن، يېمەك ـ ئىچمىكىدىن، ھەۋىسىدىن، نەپسىدىن قايسىسىدىن ۋاز كېچەر؟

ئىسلامى قىممەت ، قاراشلار بىلەن « مىڭ يىل داۋام قىلسىمۇ ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىدىغانلىقىنى » جار سالغانلار كۆرمىگەن ياكى كۆرۈشنى خالىمىغان ۋە يۈزگە زەردە بىلەن ئۇرۇلغان تەستەكتەك تۇيۇلغان ھەقىقەت مانا بۇ. ئۇلار جەڭ ئېلان قىلغان، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەتلىرىگە

ۋەكىلللىك قىلىدىغان ھايات مىزانى بولغان ئىسلامنىڭ، بۈگۈنگىچە سوزۇلغان مىڭ يىلدىن بۇيان كۆپۈر ۋە شېرىك، تۇغيان ۋە ئىسيان، شەيتان ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك بولۇشىغا قارىماي، كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ .

رامىزان بولسا ئىلاھىي كۈنتەرتىپ. ئۇ پۈتۈن يالغان كۈنتەرتىپلەرنىڭ، زۇلمەتنىڭ قاپ ئوتتۇرىغا چۈشكەن يالقۇندەك چۈشتى. ئەپسۇسكى، بۇ نۇرنىڭ كۆڭۈللەرگە نۇر، كۆزلەرگە شادلىق، پۈتقا دەرمان، يۈرەكلەرگە پەرمان بولغان نۇرىدىن، قەلب كۆزى كور، قۇلىقى گاس، ئېغىزى تۇتۇلغانلار يەنە پايدىلىنالمايدۇ. ھەممىدىن بەك ئۇلارغا ئېچىنىش لازىم.

رامىزان روھىنىڭ غىزالىنىشى ئۈچۈن ۋۇجۇد ئاچ قويۇلغان ئاي. 11 ئاينىڭ يۈرەكتە قالدۇرغان كىر، داتلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، يۈرەكنىڭ كۈتۈنۈش مەزگىلى. يۈرەكنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىپ، « ئۆز »گە قاراپ يۈقىرى ئۆرلەشنى ئارزۇ قىلغانلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەتتۇر، رامىزان.

ئۈمىدلەر كۆچمەن قۇشلاردەك ئۇچۇپ كەتكەن، كېلەچەك باھارى غىيابىي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان، گۈل يۈزلۈك يارنىڭ خۇش پۇرىقى قارا نىيەتلەر ئاتقان ئوقتا ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، قىرىۋ باسقان سەۋدالار يۇنۇسلاردەك ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قىرغاققا ئاتقان، خىيانەت بورانلىرى بىغۇبار قەلبلەرنى خاماندەك سورۇپ تاشلىغان، قۇياشقا قارشى ھۇۋلىغانلار تېرىرور چىقىرىۋاتقان زامان ۋە ماكاندا، رامىزان پەقەت بىر ئەمەس، مىڭ ئىمكانغا ئايلىنىدۇ.

رامىزاننى « يەپ ـ ئىچىش مەرىكىسى »گە ئايلاندۇرۇش، بۇ ئىمكاننى نادانلارچە ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ. رامىزاننى مەشرەپكە ئايلاندۇرۇۋالغانلار روزىنى ئورۇقلاشقا، ئىبادەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئىبادەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن ئىككىنچى خاتالىقى شۈبھىسىزكى « ئادەتنى ئىبادەت »كە ئايلاندۇرۇش بولىدۇ.

ئىجتىمائىي گۇمراھلىقتىن ۋە بوھراندىن بىئارام بولغانلار، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىر پارچىسى بولۇشنىڭ ئورنىغا، ھەل قىلىش چارىسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئېلىشنى ئارزۇ قىلسا، خۇددى رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش، ئالدى بىلەن ئۆزى تونۇشىدىغان، بىلىشىدىغان بىر مۇھىتقا ھىجرەت قىلىشى كېرەك. رامىزان مۇشۇنداق بىر ھىجرەتنى ئارزۇ قىلغانلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر ھىرا بولىدۇ.

ئۆز كىملىكىنى يېڭىدىن يۇغۇرۇپ، قايتىدىن دۇنياغا كەلتۈرىدىغان بىر مەۋجۇدىيەت تولغىقىنىڭ گۈل يۈزلۈك مېۋىسىگە، پەقەت رامىزانلا ئەڭ ياخشى تۇغۇت ئانىسى بولالايدۇ.

روزا تۇتۇش بىلەنلا ئىش تۈگەپ قالمايدۇ، ئەسلى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇش بولۇپ، بۇ مەملىكەتتە ھارام يەپ ئۆزىنى بورداۋاتقان ھارامزادە ۋە ھاراملىقلارغا قارشى، ھالالنىڭ، ھەقنىڭ، ئادالەتنىڭ جان پىدا ھىمايىچىلىرى بولۇش ئارقىلىق روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتقىلى بولىدۇ.

بۇ مەملىكەتنى بۆلاڭچىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلارغا تاپشۇرۇشنى، روزىنى پۈتۈنلەشتۈرىدىغان بىر تەرىپى دەپ ئىشەنگەن ۋاقتىمىزدا، روزىنىڭ بېشى تىك تۇتۇلغان بولىدۇ.

يۈرىكىڭىزنى باشقىلارغا ئاچقاندەك، داستىخىنىڭىزنى ۋە نېنىڭىزنى كەمبەغەللەرگە، يېتىم ـ يېسىرلارغا، ئۆي ـ چاقىسىزلارغا، ئىشسىز ۋە كىرىم مەنبەسى يوقلارغا ئاچقان ۋاقتىڭىزدا روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتقان بولىسىز. ھەر كۈنى زوھۇر ۋە ئىپتاردا يېيىشنى خىيال قىلغان خىلمۇخىل نازۇ ـ نېمەتلەر ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتنى، ئىمان ۋە ھۆرلۈك كۈرىشىگە ئاتلانغان كۆڭۈل جۇغراپىيەمىزنىڭ ئاھالىسىگە ئايرىپ، غورىگۈل بىر داستىخانغا رازى بولغان ۋاقتىمىزدا روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتقان بولىمىز.

يەر يۈزىدە بىر بۇردا نانغا زار بولغان بارلىق كىشىلەرنى، مەزلۇملارنى، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى باغرىمىزغا بېسىپ، ئۇلارنى كۆڭۈل داستىخىنىمىزدا

كۆتۈۋالغان ۋاقتىمىزدا، قورسقىمىزنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇيالىساق، روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتقان بولىمىز.

سىز روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتسىڭىز، ئەلۋەتتە، روزىمۇ سىزنىڭ بېشىڭىزنى تىك، قەددىڭىزنى رۇس تۇتىدۇ.

روزىنىڭ بېشىنى تىك تۇتقانلارنىڭ ۋە بېشىنى روزا بىلەن تىك تۇتقانلارنىڭ رامىزىنى بەرىكەتلىك بولسۇن.

## روزا ـ روھنىڭ غىزالىنىشى

روزا كۆپ ئىلاھلىق دىنلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكىم بۇ ئېتىقادلارغا قەدىمكى ئىلاھىي دىنلاردىن كىرگەن بولۇشى ياكى بۇ ئېتىقادلارنىڭ يىلتىزى ساماۋى دىن بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى مىسىردا روزا تۇتۇلاتتى. روزا ئۆلاردىن يۇنانلارغا ئۆتكەن. قەدىمكى يۇناندا، روزا بولۇپمۇ ئاياللارغا شەرت ئىدى.

رىمدىمۇ روزا تۇتۇش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. ھىندى ئېتىقادلىرىدا روزا ھازىرمۇ ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر قاتارىدىن يەر ئالماقتا. قىسقىسى، روزا ئىنسانلارغا بېرىلگەن ئىلاھىي قەرز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. روزا تۇتقان بىر مۇئمىن، ئىنسانىيەت بىلەن تەڭتۇش بىر كارۋانغا قوشۇلغان بولىدۇ. بۇ كارۋاننىڭ ئالەمشۇمۇل ئىسمى « ئىنسانىيەت بىلەن تەڭتۇش ئىمان ئائىلىسى ». روزا ئارقىلىق ھەر مۇئمىن بۇ بۈيۈك ئائىلىگە مەنسۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىماقتا.

بۇ ئۈممەتنىڭ تارىخىدا روزا تۇنجى قېتىم بۇ ئايەت نازىل بولۇشتىن بۇرۇن « ئاشۇرا روزىسى » شەكلىدە تۇتۇلغان. بۇ ھەقتە، ھەدىس ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. بۇلاردىن بىرى: « رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلاردىن: بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: بۇ ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتقۇزغان مۇبارەك كۈن، مۇسا بۇ كۈننى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزەتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ: بىز مۇساغا سىلەردىن بەكرەك يېقىن، دېدى ۋە بىزنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى ( بۇخارى، م. ئەنسا 52، ساۋم 69؛ مۇسلىم، سىيام 19/127، 125؛ ئەبۇ داۋۇد، ساۋم 63؛ تىرمىزى، ساۋم 48. . . ). بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەردىن شۇنى بىلەلەيمىز، روزىمۇ باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش تەدرىجىي ھالدا پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەت. بۇ ساھابىلەردىن مۇئاز بىن جەبەلگە ئائىت بولۇپ، ئەھمەت بىن ھەنبەل، ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار نەقىل قىلغان رىۋايەتكە قارىغاندا، مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دېگەن: « ناماز ۋە روزا تەدرىجىي ھالدا ئاخىرىقى

شەكىلىگە كىردى. . . رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ھەر ئاي ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى ۋە مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنىدىمۇ روزا تۇتاتتى. كېيىن ئاللاھ پۈتۈن رامىزان بويىچە روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى. لېكىن، قۇربىتى يېتىپ تۇرۇپمۇ روزا تۇتمىغان بىر كىشى، بىر كۈنلۈك روزىنىڭ فىدىيەسى ئۈچۈن بىر مىسكىننى تويغۇزسا بولاتتى، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنغانىدى. كېيىن بۇ ئەھۋال پەقەت سەپەر ئۈستىدىكى ۋە باشقا ئۆزرىسى بولغان كىشىلەرگە خاس قىلىندى، ئۆزرىسى بولمىغانلارغا روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى » ( ئە ـ دۇررۇل مەنسۇر، 1، 427 ).

« يېزىلدى » ـ ئايەتتىكى « يېزىلدى » ( كۇتىبە ) لەبزى، « پەرز قىلىندى ( فۇرىدا ) » مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. لېكىن بۇ ئىككىسى ئارىسىدا پەرق بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق دېيىلمەكچى بولغان بولسا « پەرز قىلىندى » شەكلىدە دېيىلەتتى. چۈنكى، فارادا سۆزىدىن تۇرلەنگەن كەلىمىلەر قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن. « يېزىلدى » پېئىلى روزىنىڭ ئىنساننىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئىبادىتى قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى باشقا شەرىئەت ۋە ئېتىقاد سىستېمىلىرىغا ئائىت مەلۇماتلار ئىسپاتلىماقتا. بۇ ئايەت ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتمەكتە ۋە بارلىق ساماۋى شەرىئەتلەرنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرىدىن بىرىنىڭ روزا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. روزا ئىنسانىيەتكە بېرىلگەن بىر ئىلاھىي قەرز.

« بەلكىم بۇ ئارقىلىق تەقۋا بولىسىلەر » ـ بۇ جۈملە روزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى بايان قىلماقتا. بۇ ئەمرنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھ ئىنسانىيەتكە بىر يېتەكچى ۋە مەشئەل قىلىپ ئەۋەتكەن قۇرئاننىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش. قۇرئاننىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تۇنجى خەۋەر مەككىدە ھىجرەتتىن تەخمىنەن 13 يىل بۇرۇن، بىر رامىزان ئېيىدا كېلىشكە باشلىغان. رامىزان قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن

مۇبارەكلەشكە لايىق بىر ئاي بولغان ئىدى. يەنى قۇرئان ئېيى ئىدى. قۇرئاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ كەلگەن رامىزاننى، مۇئمىنلەر روزا ئارقىلىق بىر شۈكۈر ئېيىغا ئايلاندۇردى. روزا، قۇرئاننى ئەۋەتكەن ئاللاھقا بەندىنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن رەھمەت ئېيتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، روزا تۇتقان ھەر مۇسۇلمان، قۇرئاننىڭ تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلەۋاتىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. روزا تۇتۇش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلىگەن ھەر مۇئمىن، ئۆزىدىن بۇ سوئالنى سوراپ بېقىشى كېرەك: تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەۋاتقان قۇرئاننى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش ئارقىلىق تىرىلدۈرەلىگەن بولساق، بىزنىڭ بۇ ئەھۋالىمىز، كۆز ئالدىمىزدا جان ئۈزۈۋاتقان بالىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەۋاتقان كىشىگە ئوخشاپ قالامدۇ ـ يوق؟

2. قۇرئانغا لايىق بىر كىشى بولۇش ئۈچۈن، تەسىرى كۈچلۈك بولغان نەپس تەربىيەسى ۋە روھىي پاكلىنىش ئېلىپ بېرىش. بۇ روزا ئىنسان ئۈستىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئوپېراتسىيە ئىدى. روزا بەدەننىڭ ئاچ قويۇلۇشىدىن زىيادە روھنىڭ غىزالاندۇرۇلىشى بولۇپ، روھى بەدىنىدىن ئاجىز بولغانلارنىڭ روھىغا جىسمانىي ۋە بەشەرىي ئارزۇلار ھۆكۈمران بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ھارۋىكەشنىڭ ئاتنى ھارۋىغا چىقىرىپ، ئۆزى ئاتنىڭ ئورنىدا چاپقاندەك بىر ئىش. روزا قەلبكە قاراپ ئاتلانغان مۇشكۈل بىر سەپەر بولۇپ، سۆيگۈ ۋە نەپرەتنىڭ، ئىمان ۋە ئىنكارنىڭ، رەت ياكى قوبۇلنىڭ مەركىزى بولغان يۈرەككە مەنزىل ئىدى. بۇ سەپەردە ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزىنى تونۇش بولىدۇ. مانا بۇ « بەلكىم بۇ ئارقىلىق تەقۋا بولىسىلەر » جۈملىسىنىڭ تېگىدە ياتقان مەنا. بۇنى شەرھلىسەك، روزىنىڭ ئىنساندىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى، ئۇنى پەرۋەردىگارىغا، ئۆزىگە، ئىنسانلارغا، تەبىئەتكە ۋە شەيئىلەرگە قارىتا تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

3. باي ـ كەمبەغەل، باي ـ گاداي، ئىشچى ـ خوجايىن دەپ ئايرىماستىن، ھەر ئىنسانغا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىتىش

ئارقـىلـىق، جـەمـئـىـيـەتـتـىـكـى ئاچ ۋە ئۇسسۇزلارنىڭ، ئۇيقۇسىزلارنىڭ دەردىگە بارلىق مۇئىمىنلەرنى شېرىك قىلىش ۋە ئۇلارغا بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى ئەمەلىي بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دەردىنى تېگىدىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ روزىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى. ھەر ئىبادەتكە ئوخشاش روزىنىڭمۇ ئىككى قانىتى بار. بۇ قاناتلارنىڭ بىرى كىشىدىن ئاللاھقا، يەنە بىرى كىشىدىن جەمئىيەتكە سوزۇلىدۇ. بۇ ئىككى قاناتتىن بىرى كەم ياكى سۇنۇق بولۇپ قالسا، روزا مەنزىلىگە يېتىپ بارالمايدۇ. روزىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى، كىشىدىن جەمئىيەتكە تۇتاشقان قانىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئايەتتە يەر ئالغان ۋە « مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى »نى كۆرسىتىدىغان تەقۋالىق دائىرىسىگە ، پەقەت ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىلا ئەمەس، جەمئىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەتنىمۇ كىرگۈزىدۇ.

بەقەرە سۈرىسى 184 ـ ئايەتتە « ساناقلىق كۈنلەردە سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ ( روزا تۇتمىغان بولسا )، تۇتمىغان كۈنلەرنى ( يەنى قازاسىنى ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. . . روزىنى ( قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن ) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، ( كۈنلۈكى ئۈچۈن ) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيەنى ( بەلگىلەنگەن مىقداردىن ) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ( ئېغىزى ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن ) ياخشىدۇر ».

« ساناقلىق كۈنلەردە. . . » بۇ جۈملىنى ئالدىنقى ئايەتنىڭ داۋامى شەكلىدە ياكى ئىككى ئايەت ئارىسىدىكى بىر ئارا جۈملە شەكلىدە ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن ئالدىنقى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پەرز روزا ئىبادىتىنىڭ « بەلگىلىك، چەكلىك ۋە ساناقلىق » كۈنلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. نامەلۇم بولغان تەرىپى، « ساناقلىق كۈنلەر. . »نى تەشكىل قىلغۇچى رامىزان ئېيىنىڭ قەمەرىيە كالېندارى بويىچە، ھەر يىلى ئون كۈن سۈرۈلۈپ 33 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىدىغانلىقىنى

كۆرسەتمەكتە. بەزىدە 29، بەزىدە 30 كۈن بولىدۇ. ئىبارىدىكى ئېنىقسىزلىق، ئېھتىمالىنىڭ بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

« سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ ( روزا تۇتمىغان بولسا )، تۇتمىغان كۈنلەرنى ( يەنى قازاسىنى ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ...» ئايىتى ساناقلىق كۈنلەردە روزا ئىبادىتىدە كېسەل ۋە سەپەر ئۈستىدىكىلەر ( ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزرىسى بار كىشىلەر ) ئۈچۈن كەڭچىلىك قىلىپ رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كېسەل ۋە ئاغرىقلار ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت، بۇ رۇخسەتكە ئەمەل قىلغۇچىنىڭ روزا ساۋابىدىن بىرنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. رامىزاندا ئۆزرىسىز ھالدا روزا تۇتمىغان كىشىنىڭ جازاسى نېمە بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا بۇ ئايەتكە ئاساسەن جاۋاب بېرىلىشى كېرەك.

بۇنداق قىلغان كىشى، بىر پەرزنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن ھارام ئىشنى قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىلاھىي بىر ئەمرنى ئۆزرىسىز ھالدا تەرك قىلىش ھارام بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن گۇناھكار بولىدۇ. بۇنداق كىشى چىن يۈرەكتىن تەۋبە قىلىشى ۋە تەرك قىلغان پەرز ئىبادىتىنىڭ قازاسىنى قىلىپ تولۇقلىشى كېرەك.

« رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچىدۇر ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە ( يەنى مۇساپىر ) بولۇپ ( تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، ( ئاغرىغلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، ( ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا ) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ » ( سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەت ).

« رامىزان ئېيى... ». زامان ۋە ماكان ئۆز ئالدىغا مۇقەددەس نەرسىلەر ئەمەس. شەيئىلەر مۇقەددەسلىكىنى ياراتقۇچىسىدىن ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى قۇددۇس. ئۇنىڭ مۇقەددەس بولۇشى، ئۆزىدىن كېلىپ چىقماقتا. ئۇ، ئۆزى مۇقەددەس بولۇپ، مۇقەددەسلىك نىسبەت بېرىلگەن ئۇنىڭدىن غەيرى ھەر قانداق نەرسە، مۇقەددەسلىكىنى ئاللاھتىن ئېلىشى كېرەك. ئۇ مۇقەددەس قىلمىغان نەرسىلەرنى مۇقەددەس / ئۇلۇغ قىلىش بىدئەت بولىدۇ. رامىزان ئۇلۇغلۇقىنى قۇرئان ئېيى بولغانلىقىدىن ئالىدۇ.

« سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە ( يەنى مۇساپىر ) بولۇپ ( تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۆچۈن ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن ». كېسەللىك ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇش روزا ئەمرىنىڭ ئادا قىلىنىشىدا مۇستەسنالىق رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئايەتتە ئىنساننى ئۆزرىلىك قىلىپ كۆرسەتكەن كېسەللىكنىڭ تۈرى، شەكلى، خاراكتېرى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. بىر كېسەلنىڭ روزا تۇتالىسىقا سەۋەب بولۇش ـ بولماسلىقى پەقەت فىقھى مەسىلىسى بولۇشتىن زىيادە ئەخلاقىي بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ ئىنسان پەرۋەردىگارىغا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بىلەن ( تەپ تارتقان ھالدا ) مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان مەسىلە. سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ روزىنى تەرك قىلىش ئۈچۈن، قانچىلىك بىر مۇساپە بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر ئۆلچەم قويمىغان. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر ئارىسىدا، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئوخشىمىغان تەتبىقلاش بولغان. ئېنىق بولغان شۇكى، بەدىر غازىتى ۋە مەككىنىڭ فەتھى كۈنلىرى رامىزان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ساھابىلەر بۇ ۋاقىتتا روزىسىنى كېچىكتۈرگەن. ھەتتا، رەسۇلۇللاھتىن « سەپەردە روزا تۇتۇش ئەۋزەلمۇ؟ » دەپ سورىغان بىر يەمەنلىك كىشىگە، يەمەن شېۋىسى بىلەن « سەپەردە روزا تۇتۇش ئەۋزەل ئەمەس » دەپ جاۋاب بەرگەن ( بۇخارى، سىيام 3:77، 53 ـ نومۇر ). يۇقىرىدا كېسەللىك ھەققىدە بايان قىلغانلىرىمىز، سەپەر

ئۇستىدىكى كىشى ئۇچۇنمۇ ئوخشاش كۈچكە ئىگە. يەنى، كىشى سەپىرنىڭ روزا تۇتماسلىقتا سەۋەب بولۇپ ـ بولمايدىغانلىقىنى، ئالدى بىلەن ئاللاھقا ۋە ئۆزىگە قارىتا ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ( ئاللاھتىن قورققان هالدا ) بەلگىلىشى كېرەك. سەۋەبىنىڭ بەلگىلىنىشىدە، ھەممىدىن بەك روزىغا نىسبەتەن سەپەرنىڭ مۇشكۇلاتى ۋە ئېغىرلىقى، كىشىدە ئۆزىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك، دېسەكمۇ بولىدۇ. كېسەللىك ۋە سەپەر روزا تۇتماسلىق سەۋەبى بولۇشىدا ۋەزىيەت، دەۋر شارائىتى، مۇھىت ۋە ئىمكانلارنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى نۇقتىسىدا، ساھابىلەردىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ياخشى ئۆرنەك بولالايدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: « بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا، بىز سەپەرگە ئاچ قورساق هالدا چىقاتتۇق، تاماق يېگەن ۋاقتىمىزدا قورسىقىمىز تويمايتتى. لېكىن، بۈگۈن قورسىقىمىز توق ھالدا سەپەرگە چىقىمىز، يېگەن ۋاقتىمىزدىمۇ قورسىقىمىز تويغۇدەك يېيەلەيمىز ». بۇلارنى بايان قىلغان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاكىرىنى سەپەردە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان .

« ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، قىيىنچىلىقلار يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ ». بۇ جۈملە، ئىبادەتلەر مەقسىتىنىڭ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان شەپقىتى ۋە مەرھەمىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا. بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ھەقىقەتنى « ئۇسلۇبۇللاھ » دەپ ئاتىساق بولىدۇ. بۇ مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، بۇنى ئىمكان بار ئەڭ ئاسان ۋە قولاي بولغان شەكىلدە ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تەكلىپنىڭ كۆلىمىتى، ئۇنى ئادا قىلغاندا ئوڭاي بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. لېكىن كۆرسەتمىدىن ھالقىماسلىق، سۈيئىستېمال قىلماسلىق لازىم. قۇرئاندا پىرىنسىپ ۋە سەۋەبلەر بىرىگە زىت شەكىلدە ئەمەس، بەلكى بىرىگە بېقىنغان ئامىللار سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بەلگىلىمىلەر، تۈزۈملەر قويۇلىدۇ، تەلىماتلار بېرىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىنساننىڭ «

ئىنسان » لىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ. يەنى ئىنساننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش « مۇمكىن بولمايدىغان » ئىشقا ئەمەس، ئەكسىچە « مۇمكىن » ۋە « مۇۋاپىق » بولغان ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان پەقەت شۈكۈر ۋە ئۇلۇغلاش:

« سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، ( ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا ) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ».

شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىنى شەنىگە لايىق شەكىلدە تەقدىرلەش لازىم. بۇنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ۋە ئەڭ ئاسان بولغان يولى، بەندىنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى بولۇپ، بەندىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ ئەڭ

ياخشى نامايەندىسى « دۇئا ». نازىل بولۇشقا باشلىغان كېچىنى مىڭ ئايدىن

ئەۋزەل قىلغان، ئۇ كېچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رامىزانغا، بارلىق ئۇلۇغلۇق ۋە

بەرىكەت ئاتا قىلغان قۇرئان، ۋەھىي ئېلىپ كەلگەن خۇش بېشارەت :

« مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا ( ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن ( يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىمەن )، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن ( يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن ) » ( بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت ).

بۇ ئىنساننىڭ يىلىكىگىچە تەسىر قىلىدىغان خۇش بېشارەتلىك خىتاب ئالدىدا، كىشىنىڭ قەلبى خۇشاللىقتىن تىترىمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ مۇشۇنداق بۈيۈك ۋە ئەبەدىي ھەقىقەتنى بۇ ئاددىي ۋە ئاممىباب تىلدا بايان قىلىش، پەقەت

ئىلاھىي كالامغا خاس بىر ئالاھىدىلىك بولسا كېرەك .

## 5 ـ باب روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتقانلىق

« مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا ( ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن ( يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىمەن ) » . ئاللاھتىن سوئال سوراش، ئاللاھ ھەققىدە سوئال سوراش، ئۇنىڭ قىزىقىشىنى مايىل قىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ قىزىقىشى ۋە كۆڭلى نېمىدە بولسا، ئۇنىڭ دەردىمۇ شۇ بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ دەردى نېمە بولسا، « پىكرى / ئەسيادى » شۇنىڭدا بولىدۇ. قىزىقىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئاللاھقا قارىتىش، يەنى كىشى غېمىنىڭ ئاللاھ بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتساق ئۇ بىر زىكىر بولىدۇ. « زىكىر » ئۇنتۇپ قالغان بىر ھەقىقەتنى ئەسلەش، ئۈستىنى توپا باسقان بىر ھەقىقەتنىڭ ئۈستىدىكى چاڭنى ئېلىۋېتىش، كۆڭۈل دېرىزىسىنىڭ پەردىسىنى قايرىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى دۇئا:

« ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن ». دۇئا، ئۆزىنى تونۇغانلار قىلىدىغان بىر ئەمەل. چۈنكى، ئۆزىنى بىلىدىغانلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىدۇ، ھەددىدىن ئاشمايدۇ. ھەددىنى بىلگەنلەر، ئاللاھ نىڭ چەك ـ چېگراغا مەھكۇم ئەمەسلىكىنى، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. دۇئا، مانا بۇ تونۇشنىڭ تىلدىكى ئىقرارى. دۇئا، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ئاللاھ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېيتقاندا، دۇئا ئىبادەتنىڭ مېغىزى، يىلىكى. « ناماز» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سالاتنىڭ يەنە بىر مەنىسى « دۇئا ». يەنى، ناماز دۇئانىڭ ھەرىكەتكە ئايلانغان شەكلى. شۇڭا قۇرئاننىڭ كىرىش سۆزى بولغان فاتىھە سۈرىسى، مۇكەممەل بىر ھىدايەت دۇئاسى. دۇئا باغاق بولۇپ، بەندە ئاللاھقا ئەۋەتكەن بىر باغاق. بۇ يەردە شۇ روشەن ھالدا بايان قىلىنماقتا: ئەگەر بەندە باغاقنى قائىدىگە مۇناسىپ ھالدا ئەۋەتسە، ئاللاھ بەندىنىڭ باغىقىغا ئىجابەت قىلىدۇ .

« روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). اﷲ ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسى يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. اﷲ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، اﷲ سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (مەيلى كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار اﷲ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، اﷲ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ » ( بەقەرە سۈرىسى 187 ـ ئايەت ).

« ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر ، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر ». كىيىم ئىنساننى چىرايلىق قىلىدۇ. ئۇ ئەيىب ۋە كەمچىلىكنى يوشۇرۇپ، ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر شەرەپ لىباسى. ئەر ـ ئايالمۇ بىر ـ بىرىنى گۈزەللەشتۈرۈشى، ئەيىبلىرىنى تۈگىتىپ يېپىشى، بىر ـ بىرىگە شەرەپ لىباسى بولۇشى كېرەك. بۇ ئايەت ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىككى پارچىسى ئىكەنلىكىنىڭ ۋەھىي تىلىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەبىئىيىتىنى يورۇتۇپ بەرمەكتە. ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىنى ھىمايە قىلىشى ۋە بىر ـ بىرىگە ھۇزۇر بېغىشلىشى كېرەكلىكىنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىپادىلەش

مۇمكىنمۇ؟ لېكىن، ئوخشىتىش ئىپادىلىگەن تېخىمۇ چوڭقۇر بىر ھەقىقەت بار.

يەنى، ئەر ـ ئايالنىڭ ئارىسىدا يۈرەكلىرىگە يېپىنچا قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆز ئارا ئۈنسى ـ ئۈلپەت ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشى. بۇ روزىنىڭ

كۆچىنى زەئىپلەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئاشۇرىدۇ. ئەر ـ ئايال بىپايان قەلب دۇنياسىغا قاراپ ئائىلە بويىچە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. جىنسى ئارزۇنىڭ ئىنسان فىترىتىنىڭ بىر تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى ۋە ھالال يولدىن قاندۇرۇشنىڭ ئاللاھ بەخش ئەتكەن بىر نېمەت دەپ بىلىش كېرەكلىكىنى، ئايەتتە بايان قىلىنغان « ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار » ئىپادىسىدىن بىلەلەيمىز .

« الله ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسى يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى ». ئەبۇ مۇسلىم ئەل ئىسفاھانى بىزدىن پەرقلىق ھالدا، تاھتانۇنە كەلىمىسىنىڭ « ئازايتىش، كېمەيتىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆزدىن تۈرلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ، بۇ ئىپادىنىڭ « ئاللاھ، بۇ ھەقتە سىلەرگە رۇخسەت قىلمىسىمۇ، كۆڭۈل خۇشلۇقىڭلارنى ئازايتىشنى ئىختىيارى ھالدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلدى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان .

« الله ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسى يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى ». بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك، دەسلەپتە مۇئمىنلەر مەدىنىدىكى يەھۇدىي ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، روزا كېچىلىرىدە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىمانى چەكلەنگەن، دەپ ئويلاپ قالغان. چۈنكى، يەھۇدىيلىقتا روزا تۇتقان بىرىنىڭ بۇلارنى قىلىشى ھارام ئىدى. يەھۇدىيلار پەقەت ئىپتاردىن ئىپتارغا ئىبغىزنى ئاچاتتى، روزا تۇتقان كېچىنىمۇ خۇددى كۈندۈزگە ئوخشاش ئۆتكۈزەتتى. بەنى ئىسرائىل شەرىئىتىدىكى بۇ بەلگىلىمىنىڭ، بۇ ئۈممەت ئۈستىدىن بىكار قىلىنىش سەۋەبى شۇ جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنىدۇ: « الله ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسى يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ئۈستۈڭلاردىكى بۇ يۈكنى ئېلىپ تاشلىدى».

« تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار . . .». بۇ يەردە تىلغا

ئېلىنغان ئىبارە لەبزى « ئاق يىپ قارا يىپتىن ئايرىلغانغا قەدەر » شەكلىدە بولۇپ، « ئاق يىپ » بىلەن تاڭ يورۇشنى، « قارا يىپ » ئارقىلىق كېچە قاراڭغۇلۇقىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىدا ھېچقانداق بىر شۇبھە يوق. رەسۇلۇللاھ بۇنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن:

« مەيلى بىلالنىڭ ئەزان ئاۋازى ياكى ئۇپۇقنىڭ شۇنداق ( تىك شەكىلدە ) يېيىلغان يورۇقى بولسۇن، سىلەرنى زوھۇر يېيىشتىن توختىتىپ قويمىسۇن. يورۇقلۇق مۇنداق ( ئېنىغا ) يېيىلغىچە يەپ ـ ئىچىڭلار » ( بۇخارى، ساۋم، 17 ؛ مۇسلىم، سىيام، 39 ). رەسۇلۇللاھ روزىنىڭ باشلىنىشى ۋاقتى بولغان فەجىرنى چۈشەندۇرگەن باشقا بىر ھەدىسنى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان. مەزكۇر ھەدىستە، تاڭ ئېتىشقا يېقىن تاڭنىڭ ئېنىغا قاراپ ئاقارغان ۋاقتىنى، روزىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى، دەپ چۈشەندۇرگەن. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ چۈشەندۇرۇشىنى، يورۇقلۇقنىڭ تاڭ قاراڭغۇلۇقنى پۈتۈنلەي يورۇتۇشى، تاغلار، جىلغىلار ۋە يوللارنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولىدىغان ۋاقىت دەپ چۈشەنگەن. ئەبۇ بەكرى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زوھۇر يېگەنلىكى ھەققىدە نەقىللەر بار.

ئەل ـ مەنار ساھىبى بۇ ھەقتىكى بارلىق نەقىللەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئادىل ۋە مۆتىدىل بولغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

« سۆزنىڭ ئۆزى شۇ، روزىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئىجتىھات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەۋجۇت فىقھ ئېقىملارنىڭ ھەممىسى قوبۇل كۆرگەن ئىجتىھادلار بۇ مەسىلىدە ئەڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋە تەقدىرگە شايان قاراشلاردۇر. دەرس ھالقىلىرىدا ۋە خۇتبىلەردە، تاراتقۇ ۋە كالېندارلاردا كۆرسىتىلگەن ئىمساك ۋاقتىنىڭ، روزىغا باشلاش ۋە بامدات نامىزىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۇرۇش مەقسىتىنى بىلدۇرىدىغانلىقىنى جامائەتچىلىككە چۈشەندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ مەقسىتى

زوھۇرغا كەچ قالغان كىشىلەرنى، زوھۇر سۈننىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئويغىتىش ۋە نامازغا تەييارلىق قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش. بامدات ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشكە بىر مىنۇت قالغان ۋاقىتتا، زوھۇر يېگۈچىنىڭ روزىسى روزىغا مۇۋاپىق بولىدۇ. يەنە، ۋاقىت چىقىپ كەتمىدى، دەپ قاراپ يەپ ـ ئىچكەن كىشىنىڭ روزىسى، كېيىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ توغرا بولىدۇ. لېكىن، جىنسى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش زۆرۈر بولىدۇكى، بامدات نامىزى ۋاقتىدا ئادا قىلىنىسۇن » ( ئەل ـ مەنار 2 ـ جىلد، 184 ).

« سىلەر مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (مەيلى كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار ...». ئېتىكاپ ـ كىشىنىڭ ئۆز « شەخسىيىتى »نى بايقاش ۋە ئىچكى دۇنياسىنى بىنا قىلىش ئۈچۈن، ئۆمرىدىن قىسقا بىر زامان تىلىمىنى ئاللاھقا ئاتاپ، مەسچىت ياكى مەسچىتكە ئوخشاش بىر ماكاندا ئۆتكۈزۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ئېتىكاپ، ھىرانى قايتىدىن باشتىن ئۆتكۈزۈش بولۇپ، قەلب دۇنياسىغا قاراپ ئاتلانغان بۇ يالغۇز كىشىلىك سەپەردە، بەدەننى خۇشھال قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئورۇن يوق. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ھېچ تەرك قىلىپ باقمىغان. بىر يىلىنىڭ ئېتىكاپىنى قازا قىلغان بىر ئىبادەت بولغان ئېتىكاپ، بىر روھىي پاكلىنىش ۋە تازىلاش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن چىقىش قېيىن بولغان ھىرانىڭ تىك قىيالىرىغا ئىچكى دۇنياسىنى ئوڭشاش ۋە بايقاش ئۈچۈن ھەر يىلى چىقاتتى. ھىجرەتتىن كېيىن بۇ ئىبادەتنى مەسچىتتە ئۆتكۈزدى. رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ سەپەرگە ئاتلانغان رەسۇلۇللاھ، بۇ ئادىتىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرگە بىر سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان.

« ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر) ». ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالار بار. چېگرالارنى بەندە بەلگىلىسە، بەندە سانچىلىك چەكلىك بولىدۇ. بۇ چەك ـ چېگرانىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر چەك ـ چېگرا بولمىسا، ھېچقانداق چەك ـ چېگرا بولمايدۇ.

ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالارنى ئېشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، « يېقىنلىشىش »نى ئەقلىڭىزگە كەلتۈرۈپ سالماڭ. بۇ سەۋەبتىن ئايەتتە بۇ چېگرالارنىڭ تەرىزگە ئۇچرىماسلىقى ئەمەس، بۇ چېگرالارغا يېقىنلاشماسلىق تەلەپ قىلىنماقتا. بۇلارنىڭ مەقسىتى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىماقتا: مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش.

« كىشىلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى ئۇچۇن، ﷲ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ ». بەقەرە سۈرىسىدىكى روزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت بۆلۈمى مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. روزىنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر بەندىلىك ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بۆلۈمنىڭ، دەسلەپكى ئايىتى بولغان 183 ـ ئايەتتىمۇ ھەقىقىي مەنىدە « مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى » شەكلىدە چۈشىنىشىمىز زۆرۈر بولغان تەقۋانى كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن، ئىبادەتلەرنىڭ مەقسەت ئەمەس، بىرەر ۋاسىتە ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقىشقا بولىدۇ. تەقۋا، ھەم ئىبادەتلەرنىڭ سەۋەبى ھەم نەتىجىسى، ھەم سەۋەبى ھەم غايىسىدۇر.

# 6-باب روزىنىڭ كۆچى

## روزا تۇتۇشنىڭ كۆچى

روزا تۇتىدىغان قەۋمنىڭ روزا تۇتۇشتا قانداق چىڭ تۇرىدىغانلىقى، رامىزان ئىبادەتلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئەڭ مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارالغان يەرلەرگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى بىلەمسىز؟ قەلبى كور، قۇلىقى پاڭ، تىلى گاچىلاردىن باشقىلار بۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئاڭلاۋاتىدۇ. رامىزان ۋە روزا تۇتىدىغان قەۋمنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. پەقەت ئۆزى ئۇچۇنلا توپلىغان نەرسىلىرى ۋە دىنىدىن يىراقلاشقان دىنسىزلار يۇرتلىرىدا كەيىپ - ساپا سۈرۈپ يۈرگەن ئاز بىر قىسىم ئازغۇنلاردىن باشقا، ھەممە ئادەم رامىزان ئىچىدە بىر نەرسىلەرگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

رامىزاندا ھەر بىر جامائەت ئۆزى بىلمىگەن ھالدا بىر نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ ئىمانى، بىلىمى، چۈشەنچىلىرى، غەيرەت شىجائىتى ۋە نىيىتىگە باغلىق بىر ئىش بولۇپ، كىشىگە قاراپ ئوخشىمايدۇ. ئەڭ تەقۋا ئىنسانلاردىن رامىزاندا جامائەت بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىبادەتلەرگە قىزغىن بولغان. مۇنداقلا ئىبادەتكە قېتىلغان كىشىلەرگىچە ھەممە ئادەم رامىزاننىڭ مۇبارەك «تۇگمىنى»گە سۇ توشۇيدۇ. رامىزان قىزغىنلىقى كۆچەيگەنچە جامائەت شۇنچە كۆچەيگەندەك بولىدۇ. چۈنكى رامىزان جامائەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مىللەتنى « يىلتىزى كۈچلۈك مىللەت » كە ئايلاندۇرىدۇ ۋە مىللەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى كۆچەيگەنسېرى بەزىلەر گۇمان ۋە ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ.

شۇ ئېنىقكى، ئۇ بەزىلەر رامىزان ئېيىنىڭ ئۆيلەرگە، كوچا ـ كويلارغا،

شەھەرلەرگە ۋە پۈتۈن ۋەتەنگە ئېلىپ كەلگەن ئىلاھى پۇرىقىنى ياقتۇرمايدۇ. شەيتانلارنىڭ (ئاللاھ تەرىپىدىن) باغلىنىپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى بىئارام قىلىدۇ. شۇ بىئارامچىلىقىنى ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن، قىلغان سۆزلىرىدىن، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن، سوكۇتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىشىلەر ئۈمىدسىز ئازغانلار، يىللاردىن بېرى بۇلارنى بۇ ۋەتەندىن يوق قىلىش خىياللىرى ھەر يىلى مۇبارەك رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ ئازغۇن ۋە گۇمراھ بىر شەكىلدە قايتىپ كېلىدۇ. بىراق رامىزاندىن بۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاچچىقلانسىمۇ، زارلىسىمۇ ئۇلارنىڭ قاچالىشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شائىر ئېيتقاندەك: « بىر شامكى تەڭرى ياققان، پۇۋلەپ ئۆچۈرۈلمەس!». رەڭگىنى بۇزىدۇ، شەكلىنى بۇزىدۇ، لېكىن ئاللاھ ياراتقاننى ھېچقاچان بۇزۇشقا ئىمكانىيەت؟ يوقتۇر!

مۇشۇ يېقىندا ئاڭلىغان بىر ھېكايە بار ئىدى، بەلكىم خەلقىنىڭ روھى يىلتىزىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئەخمەقلەرگە بىر دەرس بولۇپ قالغۇسى.

خاكان ئاقبايىراق بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتۇق تۇيۇقسىز بىر تېلېفون كەلدى، خاكان ماڭا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. قارشى تەرەپكە « ھېلىقى بىز دىسكىدىن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۇستازىمىز بارغۇ، مەن ھازىر شۇنىڭ يېنىدا » دېۋىدى،ئۇ تېلېفوندىكى مەن تونۇمىغان ئادەمدىن بىر سالام ئالدىم، ئەسلى ۋەقەلىكنى تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن خاكان ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئوخشاش بىر قاماقخانىدا ياتقان ئىكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە،15 يىلدەك كېسىلگەن تېلېفوندىكى قارشى تەرەپ تېخى يېقىندا جازا مۇددىتى توگەپ قويۇپ بېرىلىپتۇمىش.

مۆھتىرەم خاكاننىڭ تۈرمە كۈنلىرىنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭ تۈرمە

كامىرلىرىنى ھەقىقىي بىر مەدرىسكە ئايلاندۇرغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ يەردە بىرىنچى ماددىسى قۇرئان تەپسىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇنتىزىم بولغان

مائارىپ شەكىللەنگەن ئىدى. دەل شۇ مەزگىللەردە، كامېرغا كىرگەندە سوۋغا قىلىنغان بىزنىڭ تەپسىر سىن فىلىممىزنى باشتىن ئاخىرىغىچە كۆرۈپتۇ. ئۇ كامېردا قاچان تەپسىر ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلىقنى تاقىسا، تېلېفوندا ماڭا سالام يوللىغان بۇ زات «بىز بىلەن ھېچ كارىڭ يوق، ئۇنىئالغۇ لېنتىسى ئاڭلايسەن » دەپ ئەيىبلەيدىكەن . خاكاننىڭ ئېيتىشىچە بىر كۈنى يەنە ئۇنىئالغۇدا تەپسىر ئاڭلاۋاتقان ئىكەن، ئۇ كىشى يەنە ئەيىبلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇلاقلىقنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا تاقاپتۇ ۋە مۇشۇنى ئاڭلاۋاتىمەن » دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇمۇ تەپسىر ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بولۇپ قاپتۇ، بۇ دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ ھېكايىسى ئىدى. يۈز بەرگەن شۇ ۋەقە سەۋەبىدىن بۇ كىشىگە يەنە بىر يېرىم يىل قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. جازاغا ئېتىراز بىلدۈرگەندىن كېيىن، جازا قارارى ئۇنىڭغا قارشى ھالەتكە ئۆتۈپ، بىر يېرىم يىللىق جازادىن 15 يىللىق جازاغا ئۇزارتىلىپ ھاياتىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپتۇ. ئېتىرازدىن كېيىن 15 يىللىق جازانىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەن كۈنى بىر قەندىل كۈنىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، بىر مەزگىلدىن بۇيان ھاراق شارابتىن مېھرىنى ئۈزۈپ تەۋبە قىلغان بۇ ئادەم، بۇ زۇلمەتلىك جازا قارارىنىڭ قايغۇسىدا ئەنقەرەدىكى مەيخانىلاردىن ھارامغا يەر ئىزدەپتۇ. نەگە بارسا شۇ يەردە « قەندىل كۈنى

مۇناسىۋتى بىلەن تاقالدى» دەپ يېزىلغانىكەن. ئاخىرى كوچىنىڭ پىنھان بىر

يېرىدىن چىراغلىرى خىرە يانغان بىر ئوچۇق مەيخانا تېپىپتۇ، ئۆزىدىن باشقا

ھېچكىم يوقكەن، يېنىدا شۇ يەردىكى ھەمراھ بولغۇچى خېنىملار بار ئىكەن. ھاراق ئىچىدىغانلىقنى ئېيتىپتۇ، بىر ھايال ئۆتكەندىن كېيىن ھاراق كەلتۈرۈلۈپتۇ. خىزمەتكارلار بېشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:« سەن ئالەۋىمۇ؟» بۇ ئادەم:

« ياق » دەپتۇ. « ئۇنداقتا سەن غەيرى مۇسۇلمانمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، بۇ ئادەم يەنە

« ياق » جاۋابىنى بەرگەندە، بۇ خىزمەتچى ئۇنى « بۇگۈن قەندىل كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن، نېمىشقا ھاراق ئىچىسەن؟» دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. ئۇمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ « لېكىن، سىلەرمۇ بۇ يەردە ھاراق

سېتىۋېتىپسىلەرغۇ ؟» دېگەن ئىكەن، خىزمەتكارنىڭ « ئەگەر سەن ئىچكىلى كەلمىسەڭ بىزمۇ ساتمايتتۇق » دېگەن جاۋابىنى ئاپتۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا بۇ بىزنىڭ ئادەم شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردە ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ ھاراقنى ئىچەلمەي ئۇ يەردىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

شۇنداق، سىلەرگە دەپ بەرمەكچى بولغان ھېكايەم مۇشۇ شۇ. ھېكايىمىز بىزگە بۇ ۋەتەندە كىشىلەرنى مەست قىلىپ، گۇناھقا كۆندۈرۈپ ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشنى خىيال قىلغانلارنىڭ خاتالاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ رامىزان ئېيىغىمۇ ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ.

ئۇلار قولىدىن كېلىشىچە قارشىلىق ۋە جاھىللىق بىلەن ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىسىمۇ، بۇ ۋەتەننى، بۇ تۇپراقلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرىۋېتەلمەيدۇ.

# روزا ۋە ئىنفاق

روزا ـ تەڭ بەھرىمەن بولۇش بولۇپ، بىز بىلىدىغان « روزا تۇتۇش » سۆزىنىڭ مەنىداش سۆزى « كېچىش » نىڭ ئىككى تۈپ مەنىسى ـ تەرك قىلىش ۋە تۇتۇش. تۇتۇشنىڭ مەنىسىنى بىلىمىز، لېكىن « تەرك قىلىش » دېگەن مەنىسىگە ئېتىبار قىلمايمىز.

توغرا، روزا تۇتۇش بىر جەھەتتىن تۇتۇش ( يەنى ساقلاش، چىداش، بەرداشلىق بېرىش) بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن تەرك قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ روھى جەھەتتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، نەپس ـ خاھىشىنى تەرك ئېتىش؛ مەنىۋىيەتنى تۇتۇپ ماددىيەتنى تەرك قىلىش دېگەنلىك. بۇ مەڭگۈلۈك بولغاننى تۇتۇپ ،ئۆتكۈنچى بولغاندىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. تەڭ بەھرىلىنىشمۇ ماھىيەتتە تەرك ئېتىش( يەنى ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارغا سۇنۇش ) ئەمەسمۇ؟ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، زاكات، سەدىقە، سەدىقە فىتىر ۋە ئىنفاق ( ئاللاھ يولىدا مال ـ دۇنيا سەرپ قىلىش ) قاتارلىقلار ھەممىسى ئورتاقلىششنىڭ پەرقلىق ئىسىملىرىدىن ئىبارەت.

قول ئىلكىدە بولغان مۆئمىنلەر زاكات ۋە سەدىقە يولى ئارقىلىق يوقسۇللارنىڭ داستىخىنىنى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدۇ. ۋەخپىلەرمۇ بار كۈچى بىلەن بايلار بىلەن يوقسۇللار ئوتتۇرىسىدا بىر كۆرۈك بولۇشقا تىرىشىدۇ. رامىزاننىڭ رەھىمىتىنى يوقسۇللارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىرىشىدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇرتكىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ ھازىرلىغان ئىپتار چېدىرلىرى ئارقىلىق رامىزان يېمەكلىكلىرى ۋە ئەرزان مال باھاسى

بىلەن تەمىنلەپ، پېقىر ـ يوقسۇللارنىڭ داستىخان يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە

تىرىشىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، بىلىمەن ھەم ئۇقۇشۇپ تۇرىمەن، ھەمدە بەزى يەرلىك ئورگانلارنىڭ قانداق جان پىدالىق بىلەن بۇ يولدا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولدۇم.

## 6 ـ باب روزىنىڭ كۆچى

رامىزاندا خالىس نىيەتلىك كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ، بىر قاچا ئىسسىق شورپىنى يوقسۇللارنىڭ داستىخىنىغا يەتكۈزۈپ، رامىزاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. قەلبىدىكى ئىمانى كۈچ ئۇلارنى ھەرگىزمۇ بىكار ئولتۇرۇشقا يول قويمايدۇ. كوچىلارغا تاشلىۋېتىلگەن، قېقىلىپ سوقۇلۇپ، ئاچ ـ توق كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاجىز ـ بىچارىلەرنى يوقلاشقا ئالدىرايدۇ. لېكىن بۇلار يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئاچ ـ يالىڭاچ، ئاجىز ـ بىچارىلەر شۇنداق كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىنىڭ تىرىشىشى، ۋەخپىلەرنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى، خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمى، خالىس پىدائىيلار توپىنىڭ كۈچى، يەرلىك

ئورگانلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بۇ يوقسۇللۇقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

جىق ئەمەس، پەقەت مۇشۇ تۆت ـ بەش يىل ئالدىدا زاكات بېرىۋاتقانلار، بۈگۈنكى كۈندە زاكات ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. تۈنۈگۈن خىزمىتى بار كىشىلەر بۈگۈن ئىشسىز، ئاچ ۋە موھتاجلىققا مەھكۇم بولدى.

ئۇلارنى كىم بۇ ھالغا كەلتۈردى؟

بۇ ۋەتەننى ئالتە يىلدىن بېرى تالان ـ تاراج قىلغان 28 ـ فېۋرال

ۋەقەسىنى پەيدا قىلغۇچىلار. بۇ ۋەقە بىلەن بۇ ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرىگە قارىتىلغان جەڭ كۆلەڭگىلىرى، خەلقنىڭ مال ـ دۇنياسىنى پىياز سويغاندەك بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، بىر « باشقا تۈركىيە » يارىتىپ ئۇنىڭ بېشىغا چىققان ئاتېئىزمچى گۇرۇھتۇر. قۇرئان «مۇترەف» دەپ ئاتىغان، سەمرىگەنسېرى ئۆزىنى بىلمەي بەڭباش بولۇپ كەتكەن، ئۆزىنى بىلەلمىگەنسېرى سەمرىپ كەتكەن « بىر ئۇچۇم ئازغۇنلار».

ئۇلار ئالداپ بۇلىغان بۇ ۋەتەندىكى ئىنسانلارنىڭ ئازابىنى يوق قىلىش، قايغۇسىنى تۈگىتىش، ئاچ قالغانلارنى تويدۇرۇش، يالىڭاچلارغا كىيىندۈرۈش يەنە « پاناھلىق تىلىگۈچى » دەپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارغا قالدى. ئۇلار ( ئاتېئىزمچى گۇرۇھ ) بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا يېگەن ـ ئىچكەن،ھەممىنى بۇلغاپ تاشلىغان ئىدى.

ئۆلارنىڭ كەينىدىن بۇزۇلغاننى تۈزەش، پاكىزلاش، بۇزۇپ ـ چاققانلىرىنى قايتىدىن بىنا قىلىش، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىرىنى ئوڭشاش،ئاچلارنى تويغۇزۇش، يوقسۇلغا ئايلىنىپ قالغانلىرىغا ياردەم قىلىش... بۇ ئىشلار ھەممىسى، يەنە بۇ ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ساھىبلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. لېكىن، كۆرۈۋاتىمىز، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ بۇ يوقسۇللۇق ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈشكە چامى يەتمەيۋاتىدۇ. ناھەقچىلىقتا قالغان، ئاجىز ـ مەزلۇم، نامراتلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپكى، شەخس ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇنچە تىرىشچانلىقلىرى تېخى بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەمەس.

بۇ ئىشقا يېڭى ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىدىغان مەمۇر خادىملار ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك. ھازىردىن، رامىزاننىڭ كىشىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدىغان رەھمەتلىرى بار ۋاقىتتىن باشلاپ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتىشى كېرەك. يېڭى باشلىق بولغانلارنىڭ يوقسۇل خەلق ئۈچۈن جىددىي بىر ئەمەلىي پىلانى بولۇشى، ھەمدە دەرھال شۇ پىلاننى ئىشقا كىرىشتۈرۈشى ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ ۋەتەندە ئاچ ـ زار، خارلىق، يوقسۇللۇق ئىچىدە قالغان مىسكىنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشىشى لازىم.
بۇ بىر دۆلەتنىڭ خەزىنىسى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانچە بىر ئىش ئەمەس. پەقەتلا ۋەيران بولغان بىر بانكا خوجايىنىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن پۇلىنى ۋەتىنىمىزدىكى ئاچ قالغان خەلققە تارقاتساقمۇ، بەلكى ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان مىليون كىشىنىڭ يۈزىگە، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ رامىزان مەزگىلىدە بولسىمۇ كۈلكە يۈگۈرەيتتى. بۇ ۋەتەندىكى پۇقرالارنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلار، بۇ ئىشنى « ۋەتەن » ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قىلغان ئەمەسمىدى؟ ھېچ بولمىغاندا « دۆلەت » نامى بىلەن بۇ مىللەتكە قىلىنغان زىيانكەشلىك، يەنە شۇ « دۆلەت » تەرىپىدىن بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىلانغان بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن « دۆلەت » نامىنى قوللانغان ھەرقانداق بىر شەخس ياكى ئورگاننىڭ ئوبرازى بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىلانغان بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ بۇ ۋەتەننى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئېتىزلىقىدەك كۆرگەن، ھېچبىر ئىشتىن زەرەر كۆرمىگەنلەرنىڭ بۇ ئەھۋالغا قارىتا بىر تال مويىنىڭمۇ

تەۋرەپ قويمىغانلىقىنى ھەم تەۋرىمەيغانلىقىنى بىلىمەن . بۇ يۈز يىللىق بىر ھېكايە ، بۇ دەل بىرلىك ۋە تەرەققىيات (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان بىر تەشكىلات )تىن مىراس قالغان، ھوقۇق مەركەزلەشكەن بىر دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئۆز خەلقىگە قىلغانلىرى. ھېچبىرىمىز سۇ ياكى سوپۇن ئىشلەتمەي تۇرۇپ، بىر رامىزان ئۇقۇشلۇقىنىمۇ يازالمايدىغان ئەھۋالدا.

گەپىنىڭ راستى شۇكى، بۇ ۋەتەندە يۈزبەرگەن پالاكەتلەر قالدۇرغان ئىزلارنى تۈزەتكۈچى « يەرلىكلەر»، شۇ پالاكەتنى پەيدا قىلغان « پادىچى ئىشتان كىيگەنلەر » دىن بەك زېرىكتى. بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئۇلار پەيدا قىلغان ئاپەت ئىزنالىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قايتا پالاكەت پەيدا قىلماسلىقى ئۈچۈن تەدبىر ئىلىنىشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە زىممىسىدىكى باشقا ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغان ئاساستا بولۇشى لازىم.

يەرلىكنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلار:

رامىزان بىلەن تەڭ چىققان ئالاھىنىڭ رەھمەت شامىلىنى، بۇ ۋەتەندىكى يوقسۇل ـ ئاجىزلار، چەتكە قېقىلغانلار ۋە مەزلۇملارنىڭ يېنىغا، داستىخىنىغا يەتكۈزۈش .

# رەھمەت ۋە جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە ( ر ئە )، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«رامىزان كەلگەندە رەھمەت ئىشىكلىرى (يەنە بىر رىۋايەتتە جەننەت ئىشىكى دەپ ئېلىنغان) ئېچىلىپ، دوزاخ ئىشىكى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلار باغلىنىدۇ »(بۇخارى ۋە مۇسلىم.(

رەسۇلۇللاھ بىزگە شۇنداق بىر خەۋەر يەتكۈزىدۇكى، ئاللاھتىن خەۋەر بەرمىگەن ھەر قانداق كىشى ۋە ھەرقانداق خەۋەر مەنبەسى بۇنداق خەۋەر يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ خەۋەر بىزنى بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاخىرەت كۈنىمىز توغرىسىدا ئويلىنىشقا، بۇ دۇنيا، ۋاقىت ۋە ماكان بىلەن ئاخىرەتتىكى دۇنيا، ۋاقىت ۋە ماكان ئارىسىدىكى باغلىنىشقا بولغان دىققەت قىلىشىمىزغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا پەرقلەر بار. بۇ پەرقلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى بولسا « رەھمەت ئىشىكى» ئىبارىسىنىڭ يەنە بىر رىۋايەتتە « جەننەت ئىشىكى » دەپ كېلىشى. ئالدى بىلەن «رەھمەت ئىشىكى » رىۋايىتىدە توختالساق، بۇ سوئاللار كۆڭلىمىزدىن ئۆتىدۇ: رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا رەھمەت ئىشىكلىرى تاقاقمىدى؟ رامىزان كەلگەندىلا ئېچىلامدۇ؟ بۇ ھەدىسنى بۇ شەكىلدە قانداق چۈشىنىش ۋە قانداق باھا بېرىش كېرەك؟
دوستلار، بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن: ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىنىڭ پەقەت بىرلا ئىشىكى يوق، بىر قانچە ئىشىكى بار. باشقا ۋاقىتلاردىمۇ بۇ رەھمەت ئىشىكلىرىدىن ئوچۇقلىرى بار بولۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ دۇئالىرىمىزغا ئېچىلىدىغانلىرى بار بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئىككى مەسىلىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش لازىم. يەنى قۇلۇپ سېلىنغان ھالدا بولۇش ۋە تاقالغان بولۇش پەرقلىق ئىككى ئۇقۇم. ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىشىكلىرىنىڭ ھېچبىرىگە قۇلۇپ سېلىنغان ئەمەس، پەقەت ئىتتىرىپ ئاچقىلى بولىدىغان ھالدا يېپىلغان ھالەتتە. بىز ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىشىكلىرىگە ئۆز تىلەكلىرىمىز بىلەن كېلىمىز، بۇ قۇرئاندا « تەۋبە » ۋە « ئىستىغپار» دەپ ئېلىنغان.

## 6 ـ باب روزىنىڭ كۈچى

تەۋبە ۋە ئىستىغپار بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئاچماقچى بولغان كىشى سەمىمىي بولسا، ئىشىكلەر ئېچىلىپ شۇ كىشىگە رەھمەت قىلىنىدۇ. رامىزان مەزگىلىدە بولسا بۇ ئىشىكلەر ئوچۇق تۇرىدۇ، رامىزاندا ياخشى ئىبادەت ئەمەللەرنى قىلىپ، روزا تۇتقان ئادەم بۇ ئىشىكلەردىن كىرىپ ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ.

رامىزاندا رەھمەت ئىشىكلىرىنىڭ ھەر بىرگە بارىدىغان ئايرىم يول بار. ۋەھيي باشلانغان ئاي بولغان رامىزاندا ۋەھيي نۇرلىرى مۆئمىنلەرگە چېچىلسا، بۇ نۇرنىڭ ياردىمى بىلەن مۆئمىنلەر شۇ رەھمەت ئىشىكلىرىگە ئۇلىشىدىغان يولنى كۆرەلەيدۇ. بىزگە شۇ رەھمەت ئىشىكلىرىنىڭ ئوچۇق بولۇشى يېتەرلىك ئەمەسمۇ ئەجەبا ؟! بۇنىڭ ئۈچۈن تۆت نەرسىگە ئېھتىياجىمىز بار:

1. كىشى شۇ ئوچۇق رەھمەت ئىشىكىگە تۇتىشىدىغان يولنى كۆرۈشى لازىم.

2. شۇ يولنى بېسىپ شۇ ئىشىككە يېتىپ بارغىدەك ماجالى بولۇشى لازىم.

3. شۇ ئىشىكنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

4. شۇ ئىشىكتىن كىرەلىگۈدەك ماجالى، كۈچى بولۇشى لازىم.

ئەمەلىيەتتە ئىنسانغا بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى بەرگەن رامىزاندۇر.

ھەدىسنىڭ يەنە بىر شەكلىدە « جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ » دەپ ئېلىنغان. بۇنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ بىز بولساق بۇ دۇنيادا ياشاۋاتىمىز، جەننەت ئاخىرەتتە. بۇنداق بولغاندا، بىر ئىنسان ئاخىرەتتىكى دۇنيادىن ئېچىلغان بىر ئىشىكتىن قانداق كىرىشى مۇمكىن؟ بىز تېخى

ئۆلمىگەن تۇرساق، بۇ ئىشىكنىڭ ئوچۇق بولۇشىنىڭ بىزگە قانداق ئەمەلىي پايدىسى ۋە مەنىسى بار؟
پەيغەمبىرىمىزنىڭ سائادىتى بىلەن بۇ سۆزلەر دېيىلگەن بولسا، بۇنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن.

1. رامىزاندا جەننەت ئىشىكىدىن كىرىدىغىنى بىزنىڭ سالىھ ئەمەللىرىمىزدۇر. رامىزاندا ئىمانى كۈچلەنگەن مۆئمىن ئادەم روزا تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئارزۇ خىياللىرىدىن بەلگىلىك بىر مۇددەت ۋاز كېچىدۇ. مەسىلەن، مول بىر داستىخانغا داخىل بولغۇسى بار، ئەمما ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن، ئىمكانى بولسىمۇ شۇ داستىخانغا قول ئۇزاتمىغان بولسا، شۇ داستىخان جەننەتتە شۇ كىشىنى ساقلايدۇ، يېگۈسى بولسىمۇ يېمىگەن شۇ ئالما، ئامۇت، بانانلارنىڭ مېۋە دەرەخلىرى جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىكىلىدۇ. يەنى، رامىزاندىكى سالىھ ئەمەللىرىمىز بىزنى جەننەتتە ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە سوئال تۇغۇلىدۇ، باشقا ۋاقىتتىكى سالىھ ئەمەللىرىمىز جەننەتكە كىرمەمدۇ؟ بۇلار ئارىسىدىكى پەرقنى « باج » ئۇقۇمىنى نەقىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا قىلغان ھەر ئەمەللىرىمىزدىن « باج » ئېلىنىدۇ. بېرىلىدىغان مۇكاپات قىلغان شۇ ئەمىلىمىزنىڭ ھاياتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتا قىممەت ئىگە بولىدۇ. پەقەت ۋەھىيلەرنىڭ باشلانغان ئېيى بولغان رامىزاندا، قىلغان سالىھ ئەمەللەر ئاللاھىدە بىر مەرھەمەت بىلەن « باج » ئېلىنماي ھېسابلىنىدۇ. ئىككى دۇنيا ئارىسىدىكى شۇ ئىشىكتىن ئۆتكەندە « رامىزان » تامغىسى بېسىلغان ئەمەللەرگە ئاسانلىق ۋە ئىمتىياز بېرىلىدۇ.

2. «رامىزاندا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ » نى ئىككىنچى خىل

شەكىلدە مۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن. رامىزاندا ئېچىلغان جەننەت ئىشىكلىرىدىن رامىزاندا ئىشتىياق بىلەن ئىبادەت قىلغان مۆئمىنلەر جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى بۇ جەننەت پۇرىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە قەلبى قۇرئانغا ئېچىلىدۇ. ئىبادەت، ئەمەللەر يۈك بولماي ئەكسىچە

ئىشتىياقىقا ئايلىنىدۇ ۋە شۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئاساس بولىدۇ. بۇ ئىشىكلەر قۇرئان ئىشىكى، سەۋر ئىشىكى، ئىنفاق ئىشىكى، تەپەككۇر ئىشىكى، زىكىر ئىشىكى، شۈكۈر ئىشىكى، قانائەت ئىشىكى، چاقىرىق ئىشىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشىكلەردۇر.

يۇقىرىقىدەك ئىبادەت ئەمەللەرنى قىلغان كىشىنىڭ قەلبى، ئىچىلغان شۇ جەننەت ئىشىكلىرىدىن چىققان لەززەت تۇيغۇسى بىلەن تولىدۇ .ئىنسان بۇ لەززەتلىك تەمنى ھېس قىلغىنىدا، قىلغان شۇ سالىھ ئەمەل ئىبادەتلىرى جاپا ـ كۈلپەت بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. ئەكسىچە بىر خىل نېمەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. قەلبىدىن شۇ تەمنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ، بۇ تۇيغۇ بىلەن مەست بولىدۇ. رامىزان كەتسىمۇ بۇ تۇيغۇ، بۇ ھۇزۇر يەنە شۇ پېتى بۇ كىشىنىڭ قەلبىدە قالىدۇ، شۇ كىشى خۇددى جەننەتكە كىرگەندەك تۇيغۇدا بولىدۇ.

ئاللاھ بىزنى شۇنداق كىشىلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن، رامىزان بىزنىڭ قەلبىمىزگە جەننەت پۇرىقىنى پۇراتسۇن !

# رامىزانغا ھۆرمەت

ئەتراپىمىزدا ياشىغان رىملىقلار ۋە ئەرمەنلەرنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىگە يېتىشتىم، رىملىقلار بىزدىن بۆرۈنمۇ بار ئىدى، ئەرمەنلەر بولسا چوڭ كۆچۈشكە ئەگىشىپ كەلگەنلەر ئىدى. مەسىلەن ،ئەينەكچى ئاگوپ ياكى ۋاققىس ئۇستا. . .باللىق خاتىرەمدە ئالىيجانابلىق ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىك كىشىلەر سۈپىتىدە ئىز قالدۇرغان ئىدى. بىر يەردە قوشنا بولۇپ ئىشلىگەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ، رامىزان مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نەرسە يەپ ـ ئىچكىنىنى كۆرمىدىم.

ھەتتا بەزى غەيرى مۇسۇلمان ئائىلارنىڭ، بۇ جەھەتتىكى ئەستايىدىللىقى مۇسۇلمان ئائىلاردىن ئارتۇق بولۇپ، رامىزاندا بالىلىرىنىڭ قوللىرىغا يەيدىغان بىر نەرسە بېرىپ كوچىغا چىقارمايتتى.

تارقىتىۋېتىلگەن بىر كونا پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزى

ئالدىدا، قوللىرىدا سۇ ئىستاكانلىرىنى تۇتقان ھالدا كۆرگەن ۋاقتىمدا، بالىلىقىمدىكى ئاشۇ رامىزانغا ھۆرمىتى بولغان ئەرمەنلەر ئېسىمگە كەلدى.

رامىزانغا ھۆرمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئىسىملىرى ئاگوپ، ۋاققىس،ئوھاننەس. . .ئىدى.

رامىزانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان كونا پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئىسىملىرى بولسا لەيلا، خاتىپ، سىررى. . .

ئېتىقاد قىلمايدىغان بولۇشى مۇمكىن، قۇرئاندا «خالىغان ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان ئىنكار قىلىدۇ!» دەيدۇ. شۇ ئاگوپ ئەپەندى، ۋاققىس ئۇستالار ئىسلامغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمىتى بار ئىدى. مەن بۇ يەردە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ سان جەھەتتىن ئاز بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلدى، دەپ قارىمايمەن. ئۇلار مۇشۇنداق تەربىيەلەنگەن ئىدى. ئۇلار ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى ۋە پەرقلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر يەردە

مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. كۆپ خىل دىنى ئېتىقاد بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇھىتتا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلەتتى.

ئاگوپ ۋە ۋاقىفلار بىلگەننى لەيلا، سىررى نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ راستتىنلا بىلمەمدۇ؟ بۇنىڭ سىرى نېمە؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭ؟ بۇلار ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىۋاتقان بۇ خەلق تارىختىن بۇيان ئۇز دىنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بىر قەۋم! ئەگەر بۇ كىشىلەر بۇ مەزلۇم ۋە دىندار خەلقنىڭ ھەممىسىنى دىندىن چىقىپ كەتتى، دەپ قارىمىغان بولسا، سىزچە رامىزان كۈنىدە قولىدىكى سۇ ئىستاكانلىرى بىلەن كىملەرگە سىگنال بېرىۋاتىدۇ؟!

ئاخبارات يىغىنى دېگەن ئۇزۇن بولمايدۇ. ئىنسان بۇ مەزگىلدە سۇ ئىچمىسە ئۆلۈپ قالامدۇ؟ يەنە تېخى مۇشۇ كىشىلەر يېڭى پارتىيە قۇرغۇدەكمىش، سىياسەتكە قول تىققۇدەكمىش. ئەگەر بۇلار خىتاب قىلىدىغان كىشىلەر فىرانسىيەلىك ياكى گېرمانلار بولمىسا، ئەزەلدىن دىندارلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان كۈرتلەرنى، مەھەللىلىرىگە قۇلۇلە ساتقىلى كەلگەنلەرگە « خۇش كەلدىڭ » دېگۈدەك دەرىجىدە دىندىن ياتلاشتى، دەپ قارامدۇ؟

خەلق ئارىسىغا چۆككەن ۋاقتىڭىزدا، پەقەت ھۆرمەت سەۋەبىدىن يېمەكچى بولغان قىزا تۇخۇم قورۇمىسىدىن ۋاز كېچىسىز؛ كىنوخانىغا بارسىڭىز، تۆت ـ بەش يۈز ئادەمنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن پەس ئاۋازدا گەپ قىلىسىز. ئەگەر بەڭگى بولسىڭىز، باشقىلارنى بىئارام قىلماي دەپ تۆت ـ بەش سائەتكىچە خۇمارىڭىزنى بېسىپ چىداپ ئولتۇرىسىز.

بۇ ئەپەندىلەر خەلقى مۇسۇلمان بىر ئەلدە ئامما ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىغاندەك، قوللىرىدا سۇ قەدەھلىرى بىلەن رەسىمگە چۈشىدۇ، ئېكرانغا چىقىدۇ.

تېخى يېڭى قۇرماقچى بولغان پارتىيەسى « تۈركىيەنىڭ پارتىيەسى » بولارمىش. قايسى تۈركىيەنىڭ؟ دېمەككى، ئۇ تۈركىيەدە مۇسۇلمانغا يەر يوق، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقمۇ؟

مېنىڭچە بۇ ئارقىلىق مەلۇم تەرەپكە بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. بۇ بېشارەتنى تۈرك ياكى كۈرت خەلقىگە ئەمەس، بەلكى ياۋروپالىقلارغا بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بىز ئۆزگەردۇق، بىز ئەمدى سىلەردىن دېگەن بېشارىتى . سەزەر( 10 ـ دۆلەت رەئىسى )مۇ بۇنىڭغا ئوخشاش قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ سىگنالى ۋەتەندىكى ئۇنىڭغا ئوخشاشلارغا قارىتىلغان ئىدى.

ئىككى مىللەتنىڭ مىللەتچى سەردارلىرى ئەڭ ئاخىرى رامىزانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشتەك بىر نۇقتىدا جەم بولدى. « مۇبارەك بولسۇن! » دېيەلمەيمەن، ياخشىلىق ھەق ئىشلاردا بولىدۇ. ئەمما قۇتلۇق بولسۇن دەيمەن. ئەزەلدىن: بۇ ۋەتەندە، ئاتېئىزمچى كامالىزمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئاخىرىدا ئاپوئىستلەر ( كۈرت ئىشچىلار پارتىيەسى ئابدۇللاھ ئوجالان تەرەپدارلىرى )گە قالىدۇ دەپ كەلگەندىم. نېمە ئۈچۈن دېمەي ئوقۇڭ:

« ئەزىز پوپ ھەزرەتلىرى، مەن خىرىستىيان دىنىغا بەك يېقىن، سىزنىڭ

شەخسىيىتىڭىزگە ۋە دىنىڭىزغا بولغان ھۆرمىتىم مېنىڭ كۆرەشلىرىم ۋە دۇنيا قارىشىمنىڭ مەركىزىدە يەر ئالماقتا».

يۇقىرىدىكى سۆزلەر ئابدۇللاھ ئوجالانغا ئائىت. بۇ خەت پاپا ئىككىنچى جىين پائۇلغا يېزىلغان بولۇپ، شۇ پېتى ئىتالىيە تاراتقۇلىرىدا تارقالغان (لا رېپوبلىكا، 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاي س س 1~3)

مۇسۇلمان كۈرتلەر، مۇنداق باشلانغان يولنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىسا، دەل مۇشۇ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈرگە مۇسۇلمان تۈركلەردىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ.

تاھارەت پەقەت نامازنىڭ ئالدىنقى شەرت بولۇپلا قالماي، سىياسەتنىڭمۇ شەرتى. مۇبارەك رامىزان بۇ مەينەت سىياسەتتىن پاكلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى

## 6 ـ باب روزىنىڭ كۆچى

پەيتى. روزىنىڭ كۆچى بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇردۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

# ۋەخپە مەدەنىيىتى

بۇ رامىزان ئىپتار ۋاقتىدا ۋەتەن كوچىسىدىن ئۆتتىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇ يەردە بولغان بولسىڭىز سىزمۇ ماڭا ئوخشاش سىزنى سۆيۈندۈرىدىغان «ئەسلى خىزمەت دېگەن مانا» دېگۈدەك بىر ئىشنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئاقگۈن مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىڭىزدە، ئالدىرىماي ئىلگىرىلەۋاتقان قاتناش قىستاڭچىلىقىدا، رەتلىك كىيىنگەن، يۈز ـ كۆزلىرى پاكىز بەش ـ ئون ياشنىڭ ئۈستىدە « ئەقەبە ۋەخپى خەيرلىك ئىپتار تىلەيدۇ!» دەپ يېزىلغان، ئالاھىدە ھازىرلانغان كىچىك خالتىلاردىكى ئىپتارلىقلارنى ماشىنىدىكىلەرگە تارقىتىۋاتقىنىنى كۆرىسىز.

بۇ خالتىلارنىڭ ئىچىدە يەنە كىچىك خالتىلار بار بولۇپ، ئىچىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئورالغان پوغاچا ( بولكا تۈرى )، بىر نەچچە تال خورما ۋە ئىچىملىك بار. ئىپتار ۋاقتىدا ئىستانبۇلنىڭ قاتناش قىستاڭچىلىقىدا قالغان بىرى ئۈچۈن، بۇ سوۋغىنىڭ قانداق ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت ھەر كۈنى شۇ ئاۋارىچىلىكنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشى بىلىدۇ.

ئاقئەۋ (ئاقابە مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ۋەخپى) ھەركۈنى 500 كىشىنىڭ قولىغا بۇ سوۋغىنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ۋەخپە بۇ شەكىلدە پۈتۈن رامىزان ئىچىدا 15000 كىشىگە بۇ سوۋغىنى يەتكۈزۈشنى پىلانلاپتۇ.

بۈنىڭغا ئوخشاش خالىس ئىشلارنىڭ ئومۇمىيلىشىشىنى ۋە ۋەخپىلەر

ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى « خىزمىتى» بولغان ئىشلارغا تۇتۇش قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئىسلام تارىخىدا پەقەت يولۇچىلار ئۈچۈن قۇرۇلغان، ھەتتا پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يانچۇقلىرىغا قورۇلغان پۈرچاق سېلىپ

قۇيۇش ئۈچۈن « پۈرچاق ۋەخپى » قۇرۇلغان ئىكەن. قىزىقارلىق بولغىنى، بۇ ئىشلار بۇ نۇقتىدىلا توختاپ قالماي شۇنداق كېڭىيىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت

يولۇچىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، « كۆچمەن قۇشلار » ئۇچۇنمۇ ۋەخپىلەر قۇرۇلغان، يەر ۋە مەيدانلار ياسالغان.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە گۈزەللىكلىرى بىلەن «ۋەخپە مەدەنىيىتى» ئارقىلىق كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن. كۈنىمىز ئىسلام ۋەخپىچىلىكى ئۆتمۈشتىن بەك ئاز ئۆزنەك ئالدى. بەزىدە ۋەخپىلەر ئەسلى ۋەزىپىسىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ۋەخپە « ۋەخپە » بولماي، بىر پارتىيە، شىركەتلەر گۇرۇھى ئىگىلىكىدە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ۋەخپە بىر نەرسىنىڭ ئاللاھ يولىدا ھېچقانداق مەنپەئەت كۆزلىمىگەن ھالدا خىزمەتكە ئاتىلىشى بولۇپ، ۋەخپىنىڭ ۋە ۋەخپە بولالىشىنىڭ ئاساسلىق شەرتى بۇ نىيەتتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتتە ئاللاھ يولىدا خەلققە خىزمەت قىلغانلار، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئۇتقان، ئىنسان بەختىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان ئىسلامنى ئىنسانلارغا، ئىنسانلارنى ئىسلامغا ئۇلاشتۇرغان.

بۇ تۆردىكى سەمىمىي نىيەت بىلەن ئىنسانلارغا ۋەخپە قىلىنغان شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى « ۋەخپە ئادىمى » تەربىيەلەپ چىقىش. ئەڭ قىممەتلىك ۋەخپە « ۋەخپە ئادەملىرى» بولۇپ، ئۇلار ماللىرىنى ئەمەس، پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھقا ۋەخپە ( ئاتايدۇ ) قىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت ساقىيسىغا ئوخشاش،كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە بەخت ـ سائادەت توشۇيدىغانلاردۇر . ھەدىيە بۇيۇملىرى تارقىتىلغان يەرلەردە ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇ كىشىلەر خىزمەت دېگەندە ئالدىغا چىقىپ، نېمەت زامانلىرىدا ئارقىدا تۇرىدۇ.

بۇلار تولۇق مەنىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، بۇ ھەم سۈپەتلىك ھەم مول مىقداردىكى ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىش ھەرىكىتىدۇر. مانا بۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىسلام دىنى ئەسىرگە ئېلىنغان غەيرى مۇسۇلمان تارىق زىياد، ئابدۇللاھ ئىبىباتتال قاتارلىقلارنىڭ پۈشتىدىن قانچىلىغان پەتىھ قىلغۇچىلارنى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە ئوخشاش ئۆزىگە قارشى جەڭ قىلغانلارنىڭ پۈشتىدىن دىنى ئالىملارنى يېتىشتۈرەلىگەن.

ھەزرىتى مەريەم بىر ۋەخپە ئىدى، ئانىسى خاننە بولسا ۋەخپە قىلغۇچى، ھەزرىتى ئەيسا بولسا بۇ ۋەخپىنىڭ بىر مەھسۇلى، ھەزرىتى زەكەرىيا بولسا مانا بۇ ئەڭ گۈزەل باغنىڭ باغۋىنى ئىدى.

ئۇ ھالدا ئەقلى جايىدا بولغان ھەر ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ياكى خاننەدەك ۋەخپە قىلغۇچىلاردىن بولۇش، ياكى مەريەمدەك ۋەخپە بولۇش ۋە ياكى زەكەرىيادەك « باغۋەن » لەردىن بولۇش. بۇلاردىن ھېچبىرىگە تەۋە بولالمىغانلارغا، بەختىياش باللاردەك باغدىكى مېۋىلىك دەرەخكە تاش ئېتىش قېپقالىدۇ، خالاس.

# 6 ـ باب روزىنىڭ كۆچى

# 7ـباب ئېتىكاپ

## ئېتىكاپ: ھىرانى قايتىدىن باشتىن ئۆتكۈزۈش

ئېتىكاپ ـ ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇش نىيىتىدە بىر مەسچىتكە بەند قىلىشىدۇر.

ئاللاھ رەسۇلى ھىجرەتتىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنى ھېچ تەرك قىلماي، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىكەن. ئېتىكاپتا ئولتۇرالمىغان بىر يىلدا ئېتىكاپنىڭ قازاسىنى قىلغان .

رەسۇلۇللاھ ئۇچۇن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ھىرا سەرگۈزەشتىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ئىدى.

ھالبۇكى، ھىرا سەرگۈزەشتىسىگە ئۆزىمىزدىن باشقا كىشىلەر ۋە شەيئىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ، باشقا ئىنسانلار ۋە شەيئىلەرنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىۋاتقان بىز بەكمۇ موھتاج .
بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىرا بىر مەنىۋى ھىجرەت، مەنىۋى كۆچۈش. بىپايان مەنىۋى دۇنيادا ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدە ئىزدىنىشى. ئىزدىگىنىنى تاپقاندا، خۇددى غايىب بولغان مەۋجۇدىيەت يىپىنىڭ بىر ئۇچىنى قولىغا قايتىدىن ئالغاندەك بولىدۇ.

ھەمىشە ئۇلار ھەققىدە پاراڭلىشىمىز.

ھەمىشە ئۇلارنى قۇتقۇزىمىز.

ھەمىشە ئۇلاردىن قىلغانلىرىنىڭ ھېسابىنى سورايمىز. ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىمىز، ئۇلارنى سوتلايمىز .

ئۆزىمىزچۇ؟ بۇ تۇرقىمىز بىلەن، خۇددى ئۆزگە ئوت تۇتاشقان ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرگە ئوخشايمىز، ئۆزگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرەلمىگەن بىرىنىڭ، باشقىلارغا تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرەلىشىگە كىم ئىشىنىدۇ؟

تەپەككۇر، خۇددى ئىسمىنى پەقەت كىتابلاردا ئۇچرىتىدىغان ئەنقاغا ئوخشايدۇ.

ۋەقە، باشقىلار ۋە ئەڭ يامان بولغىنى ئۆزى ھەققىدە سۆز قىلغانلار ئارىسىدا تەپەككۇر غايىب بولىدۇ. تەپەككۇرنى يوقاتقانلار پىكىر يۈرگۈزۈش دەسمايىسىنى يوقۇتۇپ قويغانلار بولۇپ، دەسمايىسى يوق كىشى ئاچقان دۇكاندا قۇرۇق گەپ، قۇرۇق پاراڭدىن باشقا نېمە سېتىلىدۇ دەيسىز؟!

ئېتىكاپتا يوقاتقان خىسلەتلىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ، يارىلانغان قەلبىمىزنى داۋالاشنىڭ، كىشىلەر تەرىپىدىن قاراجا ئەخمەت مازىرىغا ئايلاندۇرۇلغان قەلبىمىزنى خارابىلىكتىن خالىي قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، قەلبنى يېڭى ئازابلارغا، يېڭى قەھرلىنىشكە چىداملىق ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن « رېمونت قىلىش » دېگەنلىك بولىدۇ ئېتىكاپ.

ئېتىكاپ سۈننىتى، ئەسلىدە بىر تۈرلۈك ئىچكى دۇنيانى تەربىيەلەش سەپەرۋەرلىكى بولۇپ، ھەر يىلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، مەسچىتلىرىمىز بىر مەكتەپكە ئايلىنىشى لازىم. ئېتىكاپ قىلغۇچىلار بۇ « مەكتەپ » نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، قۇرئان بۇ مەكتەپنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇشلۇقى، ھېيت كۈنى، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولۇشى كېرەك.

تۈركىيەدە ئېتىكاپقا قارىتا غەلىتە بىر سۈس كەيپىيات بار. دىيانەت ئىشلىرى ئىدارىسى پۈتۈن كادىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىبادەتنى خەلققە چۈشەندۈرۈشى كېرەك. باشقا مۇسۇلمان ئەللەردە ئېتىكاپ سۈننىتى ئەڭ يۇقىرى كەيپىياتتا ئادا قىلىنىدۇ. بەزى ئىسلام دۆلەتلەردە ئېتىكاپ ئىبادىتىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئۆزۈم شاھىت بولدۇم. بەزى مەسچىتلەردە توپ ـ توپ بولۇپ ئېتىكاپقا كەلگەن ياشلار پىلانلىق ۋە پىروگراممىلىق بىر

تەربىيەدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسلام تەربىيەسى ئالىدۇ، دىنى بىلىملىرى يېتىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ مەسچىتلەردە ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

كىشى ئۆزىدىن مۇنداق بىر سوئال سورىماي تۇرالمايدۇ: مەنىۋىيەت بايلىقىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان تۈركىيە مۇسۇلمانلىرى، ئېتىكاپنىڭ مۇھىملىقىنى قاچان چۈشىنىپ يېتىدۇ؟ تاشلىنىپ قالغان بۇ سۈننەتنى قاچان تىرىلدۈرۈپ، يارىلانغان قەلبىگە مەلھەم قىلىپ سۈرتىدۇ؟

ھە راست، چاي سۆھبەتلىرىدە ۋاقىلاپ ئۆتكۈزگەن شۇ بىر يىل ۋاقتىنى يىغسىڭىز، قانچە ئېتىكاپقا توغرا كېلەر؟

# 7ـ باب ئیتکاپ

# 8ـباب : ئۆمۈرگە بەدەل كېچە ـ قەدىر كېچىسى

## قەدىر كېچىسى

ئەل قۇددۇس ئاللاھقا ئائىت بىر سۈپەتتۇر. ئىسلام ۋەھيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان قۇرئان، بۇ سۈپەتنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. كەلىمىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن « ئۆزى مۇتلەق مۇقەددەس بولغان » ۋە « مۇقەددەس قىلىش ھەققى پەقەت ئۆزىدىلا بولغان » مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭ بىرىنچى مەنىسى، ئاللاھتىن غەيرى مۇقەددەس، دەپ قارىلىدىغان ھۆكۈمران / ھاكىمىيەتنى رەت قىلىدۇ. بۇ خىل مۇئامىلە، پەقەت ئاللاھقا خاس بولغان بىر سۈپەتنى باشقىلاردا كۆرۈش ياكى بار دەپ قاراش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، « شېرىك » كە كەلتۈرۈش بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى مەنىسى، « قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مۇقەددەسنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش بولۇپ، « قدس » سۆزىدىن تۇرلەنگەن سۆزلەرنىڭ قۇرئاندىكى ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات، كونا ۋەھيىدىن قۇرئان ۋەھيىسىگە كەلگىچە مۇقەددەسلىك دائىرىسىنى قانداق شەكىلدە تارايتىپ، پەقەت ئاللاھقىلا خاس قىلىنغانلىقىنى روشەن ھالدا

ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

ئىسلامنىڭ زامان ۋە ماكان تەسەۋۋۇرىدا، چوقۇم ياخشى ياكى يامان زامان يوق. زامان ياكى ماكاننىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلغان زامان ـ ماكان ياكى يامان يولغا سەرپ قىلىنغان زامان ـ ماكان بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، ئوڭ ۋە تەلەيلىك ياكى تەتۈر ۋە شۇم زامان ـ ماكان يوق. زامان ۋە ماكاننى ياخشى ياكى يامان يولغا ئىشلىتىش ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك. رەسۇلۇللاھقا يەتكەن « ياخشى » ياكى «

شۇم » دەپ ئاتاشلارنى جاھىلىيەتنىڭ ئىزنالىرى، دەپ رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى بۇ. چۈنكى بۇنداق بىر ئەقىل ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردۇ، مەنىۋى كۈچ ۋە قابىلىيىتىنى كاردىن چىقىرىدۇ .

ئەگەر يەر يۈزىدە ئەڭ مۇقەددەس بىر ماكان بولىدىغان بولسا، بۇ « كەبە » بولىدۇ. ھالبۇكى، كەبىنىڭ تارىختىن بۇيان نەچچە ئون قېتىم تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. بۇ جەھەتتە داڭلىق تەتقىقاتچى ئەزراقى كەبىنىڭ ئاتمىش نەچچە قېتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلغان. يەمەنلىك خىرىستىيان قوماندان ئەبرەھە كەبىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئىلاھىي جازاغا ئۇچرىغان بولسا، ھەججاج مەنچاناقلىرى بىلەن كەبىنى ئاسانلا چىقىپ تاشلىغان ۋە ھېچقانداق بىر جازاغا ئۇچرىمىغان. مۇشرىكلار كەبىنىڭ ئىچىنى شېرىك سىمۋوللىرى بىلەن تولدۇرغانىدى. كەبىنىڭ قىسمىتىدىكى بۇ ۋەقەلەر، مۇقەددەسنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئىلاھى تەقدىر ( قازا / قەدەر )نى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئومۇمىي بىر ئىزدىنىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىشى كېرەك .

ئەگەر زامانلار ئىچىدە مۇتلەق مۇقەددەس بىر ۋاقىت بار بولسا، بۇ قەدىر كېچىسى بولاتتى. چۈنكى قۇرئان ۋەھىي، ئۆز بايانىغا كۆرە بۇ كېچىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان. يەنە ئۆزى نازىل بولغان كېچىنىڭ بىر رامىزان ئېيى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا ( 2:185 ). قۇرئان قەدىر كېچىسى ئۈچۈن ئايرىم بىر سۈرە ئايرىغان ( 97 ـ سۈرە )، « قەدىر كېچىسى »، « قىممەتلىك كېچە ». ئاللاھ تەرىپىدىن مۇبارەك قىلىنغان بىر كېچە (44:3 ). بۇ كېچىنىڭ قىممىتى ئايەتتە رەقەم بىلەن ئېنىق بايان قىلىنماقتا: « قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر »( 97:3 ).

مىلىڭ ئاي تەخمىنەن 83 يىلغا توغرا كېلىدۇ. يەنى مەنىلىك شەكىلدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئۆمۈر دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ: « قەدىر كېچىسى بىر ئۆمۈردىن ئارتۇقتۇر» .

قەدىر كېچىسىگە بېغىشلانغان بۇ قىممەت، كېچىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياكى كېچىنىڭ بۇنچە ئەۋزەل بولۇشىغا سەۋەب بولغان باشقا بىر ئامىل تۈپەيلىدىن بولغانمۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىرىنچى ئايەت روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇنىڭغا كۆرە، مەزكۇر كېچە بۇ قىممىتىنى قۇرئاندىن ئالماقتا. چۈنكى قۇرئان بۇ كېچىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان. بىر كېچىنى 30 مىڭ ھەسسە ئارتۇق قىلغان ئامىل كېچە / زامان ـ ۋاقىت ئەمەسلىكى، بۇ كېچىنىڭ مۇقىم بىر ۋاقىت قىلىپ بەلگىلەنمىگەنلىكىدىن مەلۇم بولىدۇ. تىلغا ئېلىنغان ۋاقىت / زامان قەمەرىيە ( ئاي ) كالېندارىغا تەۋە بولۇپ، قەمەرىيە كالېندارىنى شەمسىيە ( قۇياش ) كالېندارىدىن ئايرىپ تۇرغان بىر خۇسۇس، ئۇنىڭ مۇقىم ئەمەس، ئۆزگىرىشچان بولۇشىدۇر. بۇنىڭغا قارىتا، قەمەرىيە يىلى ئىچىدە مۇبارەك قىلىنغان ھەر بىر ۋاقىت ( رامىزان، قەدىر كېچىسى، ئىسرا ۋە مىراج كېچىسى )، مۇبارەك ۋە بەرىكەتلىك بولۇشىنى ئۆزىدىن ئەمەس، ئەكسىچە باشقا بىر ئامىلدىن ئالماقتا. قۇرئاننىڭ ئاي كالېندارىنى ۋاقىت بەلگىلەشتە ئۆلچەم قىلىپ بايان قىلىپ ( 10:5 )، بۇنى شەمسىيە كالېندارى بىلەن ئوخشاش ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ھىيلە « نەسى » ئۇسۇلى مەنتىقىنى تەنقىد قىلىشى ( 9:37 ) بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك .

قەدىر كېچىسىنى 30 مىڭ ھەسسە مۇبارەك قىلغان ئامىلنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، بارلىق مۇبارەك، ئۇلۇغلۇق ۋە بەرىكەت نوقۇل بىر زامان پارچىسىغا / كېچىگە مەركەزلەشتۈرۈلمەستىن، قۇرئانغا مەركەزلەشتۈرۈش توغرا بىر مۇئامىلە بولىدۇ. بۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ:

ئەي ئىنسان! ۋەھىي نازىل بولغان ۋاقىتنى 30 مىڭ ھەسسە مۇبارەك قىلدى. چۆل شەھىرىدە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۇرمۇشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدكە ۋەھىي نازىل قىلىنىشى بىلەن « ئالەملەرگە رەھمەت قىلىنغان » بىر ئەلچى بولدى. ئادەتتىكى بىر چۆل شەھىرى بولغان مەككىنى « شەھەرلەرنىڭ ئانىسى » بولغان مۇبارەك ۋە ھۆرمەتلىك بىر شەھەر قىلدى .

بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان قۇرئان ئەگەر سىنىڭ قەلبىڭگە، زىھنىڭگە، ھاياتىڭغا ۋە دۇنيايىڭغا نازىل بولسا، ساڭا بىر كېچىسى بىر ئۆمۈردىنمۇ بەرىكەتلىك بولغان بىر ھايات بېغىشلىماسمۇ؟ سىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ، تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتىڭنى نەچچە مىڭ ھەسسە ئاشۇرماسمۇ؟

ساھابىلەردىن بەزى كىشىلەر چۈشىدە قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كۈنىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھقا ئېيتقاندا، رەسۇلۇللاھ « رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كېچىسى ھەققىدىكى چۈشۈڭلار ئاساسەن ئوخشاپ قالىدىكەن، كىم قەدىر كېچىسىنى تاپماقچى بولسا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كېچىسى ئىچىدىن ئىزدىسۇن » دېگەن ( بۇخارى ۋە مۇسلىم).

بۇ نەقىل رەسۇلۇللاھنىڭ قەدىر كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى ئىپادىلىمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ قانداق بولۇپ بىلمەي قالىدۇ؟ قۇرئان ئۇنىڭغا نازىل بولدى ۋە قۇرئان نازىل بولغان كېچە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ يەردە بىزنىڭ تېمىمىز بۇ ئەمەس، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ۋاقىتنى ئېيتماسلىقتىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ ئەسلى تېمىمىز.

نەچچە ئەسىردىن بۇيان مۇسۇلمان ئەنئەنىسى، نەقىللەرنىڭ ياردىمى بىلەن رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسىنى قەدىر كېچىسى دەپ بۇ كېچىنى ئۇلۇغلاپ ئىبادەت قىلىپ كەلمەكتە. يۈز مىليونلىغان مۇسۇلمان چاڭقىغان يۈرەكلىرىنى، لەۋلىرىنى رەببىنىڭ رەھمەت ۋە شەپقەت بۇلىقى مىڭ بىر ئۈمىد بىلەن ئۇزاتماقتا.

بۇ سىمۋول خاراكتېرلىك تەبرىكلەشتە تەك يۈرەككە ئايلانغان يۈز مىليونلىغان مۇسۇلمانىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى، بۇ خوش بېشارەتكە نائىل بولۇشتۇر: « پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن ( زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان ) بارلىق ئىش ( تىنچلىق، خاتىرجەملىك، سائادەت... ) ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر » ( 97:4،5 ) .

چۈنكى ۋەھىي ئېلىپ كەلگەن تىنچلىق، ھۇزۇر ، سائادەت، خاتىرجەملىك ۋە ھۆرلۈك ( سالام ) بىر خىل ئەمەس بولۇپ، ھېس ـ تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە ھەرىكەت شەكلىدە بىر كىشىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخس بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىق، ھۇزۇر ، سائادەت، ۋە خاتىرجەملىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، فىترەت بىلەن ئوخشاش بىر مەنبەگە مەنسۇپ بولغان ۋەھيىنىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى نەپسىگە ئېرىشىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بىز بۇ كېچىدە بۇ زېمىننى ۋەھيىدىن مەھرۇم قىلغانلارنىڭ ھىدايىتى ۋە ئىسلاھى ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. چۈنكى بىز بەك چاڭقاپ كەتتۇق .

## ئۈ كېچە ـ ئوتتۇز مىڭ كۈندۈزگە تەڭ كېچە

رامىزان قۇرئان ئېيى. چۈنكى ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي خەۋەرنىڭ سۈلتانى بولغان قۇرئان ۋەھيى، قۇرئاننىڭ ئۆز بايانىغا كۆرە بىر رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان.

لەيل سۈرىسىدە، قۇرئان نازىل بولغان كېچىنى « قەدىر كېچىسى » دەپ ئاتايدۇ ۋە قۇرئاننىڭ تۇغۇلۇشىغا شاھىت بولغان بۇ مەجھۇل كېچىنىڭ « مىڭ ئايدىن ئارتۇق » ئىكەنلىكى بىلدۈرمەكتە.

بىر كېچىنى مىڭ ئايدىن ئارتۇق قىلغانمۇ، ئۇ كېچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بىر ئاي ( رامىزان )نىمۇ مۇبارەك قىلغان ئامىل قۇرئاننىڭ ئۇ كېچىدە / ئايدا تۇغۇلۇشى ئىدى. دېمەك، بارماق كۆرسەتكەن ئاي ئەسلىدە قۇرئان ئىدى. رامىزانمۇ، قەدىر كېچىسىمۇ، بارلىق قەدىر ـ قىممىتىنى قۇرئاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئىكەنلىكىدىن ئالماقتا .

قۇرئاننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، رامىزان ياكى قەدىر كېچىسىنىڭ بەرىكىتىگە نائىل بولۇشنى خىيال قىلىش، خۇددى ۋەسىلەگە دۈمبىسىنى قىلىۋېلىپ، سەۋەبكە ئېسىلىۋالغاندەك، مەقسەتنى تاشلاپ قويۇپ ۋاستىنى چىڭ تۇتقاندەك بىر ئەخمەقلىق .

رامىزان ئىقلىمى قۇرئان ئىقلىمىدۇر. قۇرئاننىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى ھاۋاسىنىڭ يۈرەكلەردىكى ئەڭ سۈلغان گۈللەرنىمۇ ئېچىلدۇرغان پەسلىدۇر. روھىغا خىيانەت قىلىنىمىغان بىر رامىزان، قاراقوللار تەرىپىدىن يانغىنغا ئايلانغان مىليونلىغان يۈرەكلەرگە بىر رەھمەت يامغۇرى بولۇپ چۈشىدۇ، داغلانغان قەلبلەرگە مەلھەم بولىدۇ، ماتەمگە تولغان قەلبلەرنى شادلىققا

چۆمدۈرۈپ، ئۈمىد ئۇرۇقلىرى قۇرۇپ قالغىدەك ھالدا قاغجىراپ كەتكەن قەلب چۆللىرىنى قايتىدىن بوستانلىققا ئايلاندۇرىدۇ .

پۈتۈن بۇ گۈزەللىكلەرگە ۋەسلە بولغان قۇرئان، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1433 يىل بۇرۇن، ھىرادا مەۋجۇدىيەت تولغىقى يەۋاتقان مىھمىنىغا قايسى جۈملىلەر بىلەن نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بۇ كۈنلەردىن يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك .

«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى . ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر . ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»

كىتاب ئەھلى بولماي تۇرۇپ ئىمان ئەھلى بولغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ئاخىرقى ۋەھىي، ئاخىرقى ئەلچىگە « ئوقۇ » ئەمرى كېلىشكە باشلىغان. بۇ ئەمىر « يەتكۈز، بىلدۈر، تەبلىغ قىل » دېگەن مەنىلىرىدىن بەكرەك، كەلىمىنىڭ بىرىنچى مەنىسى بولغان « ئوقۇ » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئوقۇش مەۋجۇدىيەتنى ئوقۇش ئىدى. « ئىقرا » ئەمرىنىڭ ئاساسىي مەنىسىنىڭ « ئىجمائ » ئىكەنلىكىنى دىققەتكە ئالساق، بۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: « مەۋجۇدىيەتنىڭ بار بولۇش ۋە غايىسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىل، ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇت بولۇش غايەڭ ھەققىدە ئويلان، مەخلۇقاتنى شەكىللەندۈرگەن زەنجىر ھالقىسى ئارىسىدىكى ئۇ زىچ مۇناسىۋەتنى بايقا، پارچىلارنى ئۆزى مەنسۇپ بولغان گەۋدە بىلەن بىرلەشتۈرگىن ». بۇ ئەمىر ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر « تېكىستنى ئوقۇ » ياكى « خەۋەرنى يەتكۈز » مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك بولغان بىر « ئۇقتۇرۇش » يوقتى، بۇ بىرىنچى سەۋەب . ئىككىنچىسى، بۇ ۋەھىي چۈشۈپ، ئاندىن بىر مەزگىل ۋەھىي ئۈزۈلۈپ قالغان ۋە ئاندىن مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇشى

بىلەن « رىسالەت » رەسمىي شەكىلدە باشلىنغان ۋە « ئەي ياتقان كىشى! ئورنۇڭدىن تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر! » دەپ بۇيرۇق قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىنىڭ « نۇبۇۋەت » بىلەن، مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىنىڭ « رىسالەت » بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەدە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، جىمجىتلىق بىلەن تولغان تاغقا قاچقان دەردلىك قەلب، بۇ مۇبارەك تولغاقتىن كېيىن پەقەت « ئۆز»ىنىلا دۇنياغا كەلتۈرۈپ قالماي، ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدىغان بىر قۇياشقا ئېغىر ئاياق بولغان .

دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەردىن ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەتكە مۇناسىۋەتلىك قايسى سوئاللارنى سورىغانلىقىنى، قايسى تولغاق ئازابىدا تولغانغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇ دىققەتتىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئىككى نۇقتا، دىن بىلەن پەلسەپە ئۇچراشقان نادىر نۇقتىلاردىن بىرى بولۇپ، مەۋجۇدىيەت ۋە بىلىم ئىدى. ئۇ « مەن كىم؟ »، « مەۋجۇت بولۇشۇمدىكى مەقسەت نېمە؟ »، « كىم، قانداق پەيدا قىلدى؟ »، « قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە كېتىۋاتىمەن؟ »، « ھەقىقەتنى كىمدىن، قانداق شەكىلدە، نېمە بىلەن ئۆگىنەلەيمەن؟ ».

بۇ سوئاللار مەۋجۇتلۇق سوئاللىرى ئىدى. ئايەتلەر مانا بۇ مەۋجۇتلۇق سوئاللىرىغا جاۋاب سۈپىتىدە نازىل بولغان ۋە « ئوقۇ » ئەمرى بىلەن باشلانغانىدى .

ئۇ ئوقۇۋاتاتتى، ئەلۋەتتە. ئۆزىنى، كائىناتنى، مەۋجۇدىيەتنى ۋە شەيئىلەرنى ئوقۇۋاتاتتى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇيالمىغانىدى. بۇ ئوقۇشنى كىتاب بىلەن مۇكەممەللەشتۈرمىگەندە، بۇ ئوقۇش يېرىم قالاتتى، نىشانىغا

يېتەلمىگەن بىر ئوقۇش بولاتتى. ۋەھىي مانا بۇ مۇبارەك ئوقۇشنى مۇقەددەس قىلدى ۋە « ئوقۇشنىڭ ھەر خىل ئىجابىي تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دائىم ئوقۇلىدىغان» مەنىسىدىكى قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى .

ھەر كىتاب بىر كىتابنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ كىتاب بولسا قۇرئان ئىدى ۋە قۇرئان بىر رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىدى .

رامىزان ئەقىل، قەلب ۋە روھنىڭ تويۇندۇرۇلىشى ئۈچۈن بەدەننىڭ ئاچ قويۇلىشىدۇر. روھنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئىلاھىي پۇرسەت بولغان رامىزان داستىخىنىنى، «قارۇن داستىخىنى»غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل غىزالارنى يىغقۇچىلار، كىتابلار سۇلتانى بىر كىتاب دۇنياغا كەلگەن بىر ئايدا، روھى ئوزۇق ئۈچۈن كىتاب يىغقان بولسا، بۇ مۇبارەك كۈننىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىگە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولمامدۇ؟

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە « ئوقۇ » ئەمرى بېرىلگەن بۇ ئاينى، بۇ ئەمردىن ئايرىپ مۇبارەكلەشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالمايمەن. لېكىن، رامىزاننىڭ جىمى بەركىتىنى يىغىپ كۆڭۈل سارىيىمىزدا مېھمان قىلماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن .

رامىزان ئىلاھى بىر مەسىلە. بۇ ئىلاھى مەسىلە ئالدىدا ئادەتتىكى، سۈنئىي ۋە ئۆتكۈنچى مەسىلىلىرىمىز قۇياش نۇرىدا ئېرىگەن قاردەك ئېرىپ كەتمىسە، بۇ مىسلىسىز پۇرسەتنى ئىسراپ قىلغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان تۇغۇلغان ئاي دەپ مۇبارەكلىگەن رامىزاندا، قۇرئانغا ھەدىيە قىلىدىغان گۈلىمىز كىتابلاردىن تىزىلغان بىر گۈل دەستە بولۇشى كېرەك. بۇ گۈل دەستىنى قۇرئانغا سۇنۇشىمىز كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى، قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى بۇ ئايدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىشىمىز، ئۇنىڭ

بىلەن ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋىتى قۇرۇشىمىز لازىم. ئاللاھ ئالدىدىكى « ھۆرمەتتە تۇرۇش »ىمىزنى بۇزمىغانلىقىمىزغا قۇرئاننى شاھىت قىلىشىمىز لازىم، بۇ دوستلۇقنى « بىر شاھىتلىققا » ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك .

ئاللاھ قەسەم قىلىپ كۆرسەتكەن كېچە، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان كېچە بولسا كېرەك. بۇ كېچىنىڭ شاھىدلىقى ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىقتۇر. چۈنكى، بۇ كېچە ئەڭ ئۇلۇغ كالامغا شاھىت بولدى. ئۇ شۇنداق بىر كېچە بولۇپ، ئوتتۇز مىڭ كۈندۈزگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر كېچىكى، بىر ئۆمۈرگە توغرا كېلىدۇ .

ئۇ كېچە نازىل بولغان ۋەھيي ھاياتىمىزنى يورۇتمىسا، ھاياتىمىز ئەبەديي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدۇ.

# 9-باب  بىر بايرام ئارزۇلايمەن

## قەلەم بىلەن ئۆگەتكەننىڭ نامى بىلەن

بىر ھېيت ئارزۇ قىلىمەن

قەلەم بىلەن ئۆگەتكۈچىنىڭ ئىسمى بىلەن

ھەممىدىن بۇرۇن سۆز بار ئىدى. مۇشۇنداق باشلايدۇ يۇھانىنا ئىنجىلى. ئەڭ باشتا سۆز بار ئىدى ۋە ھەر شەيئى « كەلىمە » بىلەن باشلىدى. پەيدا بولۇش « ۋۇجۇدقا كەل » ئەمرى بىلەن باشلىدى. پەۋقۇلئاددە بىر ھالنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنى « كەلىمە » دەپ ئاتاش ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس.

كەلىمە مۇھىم، يېزىش مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە كىشى يازىدۇ، سۆزلىرى، نۇتۇقلىرى ۋە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك بولغان تۇرۇپ، يەتكۈزمىگەن ھەقىقەت سەۋەبىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. يازما / ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئەمەلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېزىش بىر پۇرسەت بولۇپ، ھەر پۇرسەت بىر نېمەت. نېمەتنىڭ ھەققى شۇكۇر بىلەن ئادا قىلىنغان ۋاقىت ئۇ نېمەت بولىدۇ. ئەگەر شۇكرى ئادا قىلىنمىسا، ئۇنىڭ بەدىلى بېرىلمىسە، ئۇ ۋاقىتتا نېمەت مۇسىبەتكە، بالاغا، پىتنىگە ئايلىنىدۇ .

سۆز مۇھەببەتتۇر. شۇڭا ئانادولۇدا ئۈچ كىشىنىڭ بىر يەردە تۇرۇپ سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىسىڭىز، « مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز ( سۆھبەتلىشىۋاتىمىز ) » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سۆزدىن سۆيگۈنى، يازمىدىن / ئەسەردىن مۇھەببەتنى چىقىرىۋەتكەن ۋاقتىڭىزدا، سىزگە قالىدىغىنى بىر دۆۋە ھەرپ، بىر يېشىك كەلگۈدەك سۆز ۋە بىر چاڭگال جۈملە

خارابىسى بولىدۇ. سۆزلىرىمىز شامدىن ياسالغان بېزەكلەر بولۇپ، ئۇلارغا جان بەرگۈچى، قان بەرگۈچى مۇھەببەتتۇر. تەسىر كۈچىنى پەيدا قىلغۇچى رەبىمىزدۇر.

سۆز قەيەردىن چىققان بولسا، شۇ يەرگە بارىدۇ. ئېغىزنىڭ ئۇچىدىن چىققان سۆز، قۇلاقنىڭ بۇ تەرىپىدىن كىرىپ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ يۈرەكتىن چىققان سۆز يۈرەككە بېرىپ توختايدۇ. ھەر سۆز بىر نەرسە دېمەيدۇ. كور، گاس، تىلسىز سۆزلەرمۇ بار. بەزى سۆزلەر ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى دەيدۇ. ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى بارلار ئۈچۈن، ئەلۋەتتە.

يېزىش بىر سەنئەتتۇر. ئاللاھنىڭ، بەندىنىڭ، سۈنىڭ، نانىنىڭ ھەققى بولغاندەك، يازمىنىڭمۇ ھەققى بولىدۇ. ھەققىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ يېزىش، ئەسەرگە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. ھەققى ئادا قىلىنغان ھالدا يېزىلغان بىر ئەسەر، ھەققىنى بېرىپ ئوقۇيدىغان كىتابخان ئىزدەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئوقۇشمۇ بىر ماھارەت ۋە مەسئۇلىيەتتۇر. . .

ياخشى يېزىلغان بىر ئەسەرنىڭ مەقسىتى، مەلۇم بىر مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىش ياكى كۈنتەرتىپتىكى خاتالىقنى ئۆزگەرتىش. كاپىتالىنىڭ جاكارچىلىقىنى قىلىۋاتقان تاراتقۇلار پەيدا قىلغان يالغان كۈنتەرتىپنىڭ لېيىغان سۈيىگە ئەگىشىپ ئېقىش، بىر ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت بولسا كېرەك. بۇ خىل ئاقىۋەتكە قالغان ئەسەرنىڭ جازاسى كۆپۈكتەك يوق بولۇشتۇر.

كۈنىمىزدە ئىككى كۈنتەرتىپ بار. بىرسى غەيۋەت دەپ ئاتىلىدىغان ئۆتكۈنچى، ئاددىي ۋە كىشىنى ئالدايدىغان كۈنتەرتىپلەر بولۇپ، بۇلارنى تاراتقۇلار پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىرسى بولسا، ئۇزۇن مۇددەت ئۇنتۇلمايدىغان، رەسمىي ۋە توغرا بولغان كۈنتەرتىپلەر بولۇپ، بۇ ئىككىنچى كۈنتەرتىپ ئىچىدە ئەڭ بەرىكەتلىك / مۇبارەك بولغانلىرى ئاللاھ بەلگىلىگەن مەسىلىلەردۇر.

رامىزان ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىلاھى كۈنتەرتىپ بولۇپ، كۈندىلىك ھايات قايىنىمىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى، ئىنسانلىق

خۇسۇسىيىتى تەكىتلەنگەن، بەشەر تەربىيىنى ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلىغان بىر كۈنتەرتىپتۇر. بۇ ئىلاھى كۈنتەرتىپنىڭ مەقسىتى، ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. روزا پەرز قىلغان ئايەتنىڭ « لەئەللەكۇم تەتتەقۇن » ئىبارىسى بىلەن ئاخىرلىششى بۇنى روشەن بىر شەكىلدە كۆرسەتمەكتە. بەدەن بەزىدە ئەقىل ئىشلىتىدىغان قەلبنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قېلىن بىر پەردىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. روزا، مانا بۇ قېلىن پەردە ئارىسىدىن ئىنساننىڭ ئىنسانىي تەربىيىنىڭ، بەشەر تەربىيىدىن غالىب كېلىشىگە ياردەم قىلىدىغان ئەمەل بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

رامىزان ئىنسانغا ئەۋەتىلگەن بىر ئىلاھىي باغاق. ئىنساننى باشقا يەرگە ئەمەس، ئۆزىگە قايتىشقا چاقىرغان بىر تەكلىپنامە. بۇ مەنىدە، روزا ھەددىنى بىلىشكە تەۋسىيە قىلىنغان بىر چاقىرىق. ئىنسانغا ئاجىز، زەئىپ، موھتاج بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ھەربىكىتىدۇر روزا. يەنى ئىنساننى ئۆز ھۇدۇد ( چېگرا ) لىرىنى بايقاشقا چاقىرىق بولۇپ، ئۆز ھۇدۇدلىرىنى بىلگەن كىشى ھەددىنى بىلىدۇ، بۇنى بىلگەن كىشى پەرۋەردىگارىنى بىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن رامىزان، يۈرەك مەملىكىتىنى بىر يىل تاشلاپ قويغان ئىنسانغا، « ئىچىڭدىكى دۇنيا »نى بايقاش ئۈچۈن يولغا چىق پەرمانى بولۇپ، فىترەت جەھەتتىن ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن مىسلىسىز بىر كۈچ، يادرو كۈچ مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان قەلبكە ئىنساننىڭ نەزىرىنى ئاغدۇرۇشتۇر. ئىنسان نەپسى دائىم ئۆزىدىن بەكرەك باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، باشقىلارغا قىزىقىشقا، باشقىلارنى قۇتقۇزۇشقا ئامراق كېلىدۇ. باشقىلارغا قارىتىلغان بۇ ھەددىدىن زىيادە قىزىقىش، كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆزىگە سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىنسانغا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ روھىي ھالەتكە گىرىپتار بولغان كىشىنى كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆزىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرمەي، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ھالدا

كۆرىسىز. ۋاي ئىسىت، دەپ قالىسىز. بىچارە ئۆزىگە تۇتاشقان ئوتتىن بىخەۋەر.

## 9 ـ باب بىر بايرام ئارزۇلايمەن

كىم بىلىدۇ، باشقىلار ھەققىدە بۇ پەۋقۇلئاددە كەمچىلىكنى بايقاۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، سىزگىمۇ ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەندۇ، بەلكىم.

## كەمبەغەللەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇش

تولغىنىڭىزنىڭ مەقبۇل بولۇشىنى تىلەپ

تولغاقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئارزۇسى بىلەن

قۇرئان ئايلاردىن رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئۆزى بايان قىلىدۇ. مۇبارەك بىر كېچە بولغان قەدىر كېچىسىدە چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنى قۇرئان تەكىتلەيدۇ. بۇ ئەھۋالدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان مەزگىلدىكى قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيىدا ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇلار قۇرئان بىلەن ئېنىق بولغان ھەقىقەتلەر.

ئىلاھىي ۋەھىي كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ھىرا غارىدا ئىدى. تۇنجى كەلىمىسى « ئوقۇ » بولغان ئەلەق سۈرىسىدىكى دەسلەپكى بەش ئايەت بۇ جايدا نازىل بولدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق: « ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇ، رەببىڭ چەكسىز كەرەم ئىگىسىدۇر. ئۇ قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەننى ئۆگەتتى ». بۇ مەلۇماتلارمۇ تارىختا ئېنىق بولغان ھەقىقەتلەر.

بۇ ھەقىقەتلەر ئاساسىدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىرادىكى روھى ھالىتى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا يارىتىلىش ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەۋجۇدىيەت ۋە مەۋجۇت بولۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان « كىم، نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا، قانداق، نېمە بىلەن؟ » سوئاللىرىنىڭ جاۋابى ھەققىدە ئىزدەنگەن رەسۇلۇللاھقا، ئاللاھ تۇنجى نازىل قىلغان ئايەتلەر ئارقىلىق، بۇ تىلسىمنىڭ ئاچقۇچىنى جاۋاب شەكلىدە بېرىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇشقا دائىر مەلۇماتقا، يەنى ھەقىقەتكە قايسى مەنبە ئارقىلىق ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھىرا مەھرەمىيەتنى تەمسىل قىلىدۇ. دەۋرىمىز ئىنسانىي مەۋجۇتلۇق تولغىقى يەپ، مەۋجۇت بولۇش تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشىپ قالمىسۇن

دەپ: ئائىلىلەرنىڭ مەھرەمىيىتى، پۇقرالاردىن شەكىللەنگەن زامانىۋى قۇللارنى ئىجاد قىلغان زامانىۋى دۆلەت ۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن يوق قىلىندى. ئائىلىنىڭ ئار ـ نومۇسىغا قول ئۇزۇتۇپ نامەھرەملىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپلا قالماستىن، ماكانىنىڭ تەپەككۇر قىلغان قەلبى ھېسابلانغان ھىرانى ئىشغال قىلغىنىدەك، ئىنسانىنىڭ ھىراسى بولغان ئەقلىنى ۋە قەلبىنى ئىشغال قىلدى.

ئىنسانلار بىر « ئۆزلۈك ئىدراكى »غا ئېرىشىپ، « قەيەردىن كەلدىم؟ مەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم؟ نېمە بىلەن مەۋجۇت بولىمەن؟ قەيەرگە كېتىپ بارىمەن؟ » دېگەنگە ئوخشاش مەۋجۇتلۇق سوئاللىرىنى سوراشقا باشلىغان ۋاقىتتا ئۆز كىملىكىگە ئىگە بولالايدۇ. ئىنسان ئۆزلۈكىگە / شەخسىيىتىگە ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئوخشاش كىملىككە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ، يەنى پادىغا ئايلاندۇرغىلى، پادىچى ۋە پادا ئىتى ئارقىلىق ئۇلارنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ، كىشىلەرنى پادىغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنياۋى ھۆزۈر ـ ھالاۋىتىنى ئۇلارنىڭ گۆشى، تېرىسى ۋە سۈتى ئۈستىگە بەرپا قىلغان پادىچى ۋە پادا ئىتىنىڭ شېرىن چۈشىنىڭ ئاخىرلىشىشى بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار بۇنىڭغا ئاسانلىقچە يول قويمايدۇ .

ھىرا تېرەنلىك / چوڭقۇرلۇق ( بىلىم )نى، ئىنسانىي تېرەنلىكنى، تېرەن ئىنسانىنى تەمسىل قىلىدۇ. تېرەن ئىنسانلار يوق ياكى بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئاز بولغان يەرلەردە، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە كۆرە بۇ بوشلۇقنى تېرەن / قاراڭغۇ دۆلەتلەر ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ۋىجدانلارنى مونوپول قىلىشقا، قەلبلەر ۋە ئەقىللەرنى ئىشغال قىلىپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان مېتودلار پەيدا قىلىشقا، مەنپەئەتلىرىنى مۇقەددەس ۋە قول تەگكۈزگىلى بولماس قىلىش ئۈچۈن، ساختا ئىلاھلار يارىتىشقا يۈزلىنىدۇ .

رامىزان مانا بۇ جەھەتتىن ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. قەلب چىتلىرىغا ئىسىلغان ھالدا ئۆزىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكچى بولغانلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت رامىزان. بولۇپمۇ، ئۇمىدلەر خۇددى قۇشلارغا ئوخشاش كۆچكەن، گۈل يۇزلۇك يارىنىڭ مەست قىلغۇچى ھىدى ئۆلتۈرۈلگەن، ئاق چاچلىق سەۋدالارنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى يۇنۇسلاردەك قىرغاققا ئاتقان، خىيانەت بورانلىرىنىڭ بىغۇبار قەلبلەرنى تەيفىڭ بورىنىدىنمۇ بەكرەك ئۇرۇۋاتقان، كۈن نۇرىغا قارشى ھۇۋلىغانلار قۇترىغانسىرى غالجىرلاشقان بۇنداق

ئېغىر ۋە تار بىر زاماندا ـ ماكاندا تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت رامىزان .

بىزنىڭ روزىنى روھىغا ئۇيغۇن شەكىلدە تۇتۇۋاتقانلىقىمىزدىن، تۇتقان بولساق، بۇنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىپ ـ ئېرىشەلمىگەنلىكىمىز ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، ماڭا ئايدىڭ بولغان بىر نەرسە باركى، روزا بىزنى تۇتۇۋاتىدۇ. بىزنى قەددى قامىتى تىك، جانلىق ھالدا تۇتۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولسا، رامىزاننى بىر مەرىكىگە، روزىنى ئورۇقلاشقا، ئىبادەتنى ئادەتكە ئايلاندۇردۇق دېگەنلىك بولىدۇ. « روزا ھېيت » بىلەن « كەمپۈت بايرىمى ( تۈركىيەدە روزا ھېيتىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى ) » ئارىسىدىكى كۆرەشتە كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى، روزىنى قەددى ـ قامىتى تىك، ئىخلاس بىلەن تۇتقان، رامىزان تولغىنى يىگەن مۇئمىنلەرگە مۇناسىۋەتلىك.

ئاللاھ يېگەن تولغىقىڭىزنى قوبۇل قىلسۇن !

# 10ـباب  بايرام يازمىلرى

## شارابلىق روزا ياكى «تۈرك مۇسۇلمانلىقى»

بەلكىم كۆرگەنسىلەر، بىرسى « يېڭى يىل كېچىسى هاراق ئىچسەم، روزام قوبۇل بولامدۇ؟ » دەپ سورايدۇ. رەسمىي مۇپتى ( غەيرى رەسمىي مۇپتىغۇ ئەلۋەتتە «بولىدۇ» دەيدىغاندۇ) : « قەتئىي ئىچمىسەم بولمايدۇ دېگۈچىلەر، بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇشى كېرەك » دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بېرىلگەن جاۋابقا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، سورالغان سوئالنىڭ مەنتىقىلىقى هەققىدە توختىلايلى.

بۇ سوئال، ماڭا دۆلەت قوللاۋاتقان « تۈرك مۇسۇلمانلىقى » نەزەرىيەسىنى

ئەسلەتتى. تۈرك مۇسۇلمانلىقى هەققىدە جار سېلىۋاتقانلارنىڭ نېمىنى مەقسەت

قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن مېنىڭ ئەقلىمگە نوئەل ( يېڭى يىل

بايرىمى ) بىلەن رامىزاننى بىرلىكتە تەبرىكلىگەن؛ روزىسىنى هاراق بىلەن ئاچسا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان؛ بەدەن مەملىكىتىنىڭ پايتەختى قەلبنى، شەيتان بىلەن پەرىشتە ئىتتىپاقىدىن شەكىللەنگەن فىترەتكە يات بىر

هۆكۈمدارغا تاپشۇرغان « غەلىتە ئىمان »لىق بىر شەخسىيەت كېلىدۇ.

بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ دېگەن سوئالىڭىزنى توغرا دەپ قارايمەن. مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا، بۇ جەهەتتە هەقلىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئوچۇق ۋە ئېنىق شەكىلدە ئېيتالايمەن. « نەرسىلەرنىڭ تەبىئىتى » دېگەن بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ نەرسىلەرنىڭ تەبىئىيىتىگە / فىترىتىگە زىت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن.

سوغۇق بىلەن ئىسسىق، قىش بىلەن ياز، ئوت بىلەن سۇ، ئويمان بىلەن دۆڭنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئىمان بىلەن كۇپۇر، ھەق بىلەن باتىل، پەرىشتە بىلەن شەيتان، ياخشى بىلەن يامان، چىرايلىق بىلەن سەت، توغرا بىلەن خاتا، ساۋاب بىلەن گۇناھمۇ بىر بىرى بىلەن زىت. لېكىن، ئىمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ساھەدە « ئاق ـ قارا » غا ئوخشاش ئىككىسىدىن بىرسى كۆچكە ئىگە بولغان نۇقتىدا، ئەمەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى « ئاق ۋە قارا » پىرىنسىپىغا سالغان ۋاقتىڭىزدا، ئېنىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن بۇ مەسىلىنى، شېرىك قوبۇل قىلمايدىغان ئەقىدە ساھەسىنىڭ « ئاق ۋە قارا » پىرىنسىپىغا سالماي بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەمما، بۇنداق مۇرەككەپ بىر زېھنىيەتنى، پەقەت « ئەمەلى» بىر ئازغۇنلۇق بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ، ئاستىدا باشقا مەسىلىلەر ياتىدۇ، دەپ قارايمەن .

سوراپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، بۇ سوئالنى سورىغۇچى روزىنى نېمە ئۈچۈن تۇتىدۇ؟ روزا تۇتۇشتىكى مەقسىتى نېمە؟ روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر « ئادەت » مۇ؟ ياكى بىر « ئىبادەت »مۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مائۇن سۈرىسىدىكى، « شۇنداق ئىبادەت قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! » ئايىتى خىتاب قىلغان « دىندار (! ) مۇشرىكلار »نى ئەسلىتىپ، « دىننى يالغانغا چىقارغان » ھالدا روزا تۇتۇپ، بۇنى ئەنئەنىۋىي مۇسۇلمانلىقنىڭ بىر تەقەززاسى، دەپ قارامدىغاندۇ؟ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان « دىننى يالغانغا چىقىرىش »، دىنىنىڭ بىر پۈتۈن ھايات بەرپا قىلىش پىلانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

بۇنداق بىر كىشى روزا پەرز قىلىنغان ئايەتنىڭ، بۇ ئىبادەت بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق روزىنىڭ ئىنساندا

ئاللاھقا، ئىنسانلارغا، مۇھىتقا ۋە ئۆزىگە نىسبەتەن « مەسئۇلىيەت ئېڭى »نى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا، يەنە مۇشۇنداق بىر مەنتىق ئىچىگە كىرىپ قالاتتىمۇ؟ يەنە ئۇ كىشى هاراق ئىچىشنى چەكلەشتىكى مەقسەتنىڭ « ئىنساننىڭ ئۆز قولى بىلەن ئەقلىگە زۇلۇم قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى »نى توسۇشنىڭ مۇددىئا بىلەن بولغانلىقى چۈشەندۈرۈلسە، مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە زىت مەنتىقنى ئوتتۇرىغا قوياتتىمۇ؟

ھەممىدىن مۇھىمى، بىر ئىبادەتنى ئىبادەت قىلغان ئامىلنىڭ، ئىماندىن ئېتىلىپ چىققان بىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭدەك ساھىبىغا ھەق ۋە مەسئۇلىيەت ئارتقان بىر ئىماننىڭ، ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ئارىسىدىكى بىر ئەھدە ئىكەنلىكىنى بىلىش بولۇپ، ئەگەر سوئال سورىغۇچى بۇ ھەقىقەتنى بىلگەن بولسا، سورىغان سوئالىنىڭ زىتلىق بىلەن تولغان، ھەتتا ھاماقەتلەرچە سورالغان، ئەھمىيەتسىز بىر سوئال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمەسمىدى؟

بۇ نۇقتىدا سوئالغا بېرىلگەن جاۋابقا قاراپ باقايلى. بېرىلگەن پەتىۋادا، سوئال سورىغۇچىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك، ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش چۈشەنچىدىكىلەرنىڭ جاھالىتىگە خاتىمە بەرگۈدەك، ئۆزى چۈشۈپ قالغان بۇ زىتلىقنى كۆرۈپ يېتىشىگە ياردەم قىلغۇدەك بىر يىپ ئۇچى يوق. ئەكسىچە، سوئالنى ئادەتتىكى بىر سوئال قاتارىدا كۆرگەن قورقۇنچ تەپەككۇر يوقسۇللىقىغا دۇچ كەلمەكتىمىز.

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن مۇپتىنىڭ ئەھۋالى، يۇقىرىدىكى سەۋەبتىن سوئال سورىغۇچىدىنمۇ خەتەرلىك بولۇپ، تۈركىيەدە رەسمىي « دىن خادىملىرى » ئارىسىدىكى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە، تېزدىن ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ ئالدىمىزغا چىقماقتا.

بۇ مەسىلە « دىن تەسەۋۋۇرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىشى » تېمىسى ئاستىدا تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. ھەقىقەتەن بۇ مەملىكەتتە كوچىدىكى ئادەتتىكى بىر كىشىلەرنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە « دىن خادىملىرى » دەپ ئاتالغان تەبىقىنىڭ دىن تەسەۋۋۇرىدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇش، ئېغىپ كېتىش ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش مەيدانغا كەلدى .

« يېڭى بىر دىن تىلى » ئەلۋەتتە لازىم. مەۋجۇت دىن تىلى دەۋرىمىز ئىنسانلىرى چۈشىنەلمەيدىغان غەلىتە بىر قۇش تىلىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايۋاتىدۇ. يەتكۈزۈلۈشى زۆرۈر بولغانلارنىڭ يەتكۈزۈلمەي، سۈكۈتتە تۇرۇشى كېرەك بولغان نەرسىلەرنىڭ كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بۇ.

لېكىن، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىر دىن تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۈستىگە، يېڭى بىر دىن تىلى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنسىڭىز نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ئوتتۇرىغا چىقىدىغان نەتىجە:

زامانىۋى چۈشەنچىدىكى« شەيخۇل ئىسلام »لىقىغا تۆھپە قوشۇش بولىدۇ، خالاس.

## روزىدار  بىلەن رامىزاننىڭ سۆھبىتى

رامىزان ئېيى قۇرئان تۇغۇلغان ئاي ئىدى.

ئۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئاشقازان ۋە شەھۋىتىگە « توختا »، مېڭىسى ۋە قەلبىگە « ماڭ » دېدى .

روزا تۇتقۇچى: قەلبىمنىڭ پۈتى ئاقساق، قانداق ماڭىمەن؟ قانداق قىلىپ، قايسى تەرەپكە، قايسى يولنى بويلاپ، قايسى خەرىتىگە قاراپ، نېمىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ماڭىمەن؟ دەپ سورىدى.

رامىزان: ئەڭ چوڭ كۈچۈڭ بولغان ئىماندىن ياردەم سورىغىن. تەقۋانىڭ ئۆزى ئىماننى كۈچلەندۈرۈش ئەمەسمۇ؟ دەپ جاۋاب بەردى.

روزىدار: قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭاي؟

روزا: سىراتىل مۇستەقىيمنى بويلاپ ماڭ. مانا بۇ سېنى ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يول. باشقا يوللارغا مېڭىپ قالمىغىن، بولمىسا نەپس ئورمانلىقىدا چىلبۆرىلەرگە يەم بولىسەن، ئۆزلۈكۈڭنى يوقۇتۇپ قويۇپ، پالتا تېگىپ باقمىغان جاڭگالدا ئېزىقىپ قالىسەن.

روزىدار: ئەتراپىم قاپقاراڭغۇ، سەپىرىم ھەر تەرەپنى قاراڭغۇلۇق باسقان بىر مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالدى. بۇ قاراڭغۇدا يولۇمنى قانداق تاپىمەن؟

روزا: مەندىن كەلگەن يورۇقلۇققا ئەگەشكىن، ئۇ قۇرئاندۇر. قۇرئان ساڭا يول كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر يەتكەن مەنزىلگە سەنمۇ يېتىپ بارماقچى بولساڭ، پەيغەمبەرگە يولنى يورۇتۇپ بەرگەن قۇياشقا ئارقاڭنى قىلىۋالما. ئۇنىڭ قولچىرىغى قۇرئان ئىدى، سېنىڭكىمۇ قۇرئان بولسۇن. قالغان ئىشتىن ئەنسىرىمە!

روزىدار: سەپەر ئۈستىدە قاراڭغۇ جىلغىلاردىن ئۆتىمەن، دەڭلەردە قونۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ. كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان نەرسىلەرگە دۇچ كېلىمەن. ماڭا بەرگىدەك بىرەر تۇمارىڭ يوقمۇ؟

رامىزان: يۈرىكىڭ بارغۇ، ئۇ ساڭا يەتمەمدۇ؟ ئۇ ئاللاھ كۆكسۈڭگە ئاسقان جانلىق تۇمار. ھەرگىزمۇ يۈرىكىڭدىن باشقا تۇمار ئاسما. ئاللاھ ئېسىپ قويغان قەلب تۇمارىنى قارايتىۋەتكەنلەر، ئۆلتۈرگەنلەر، مۆھۈرلەتكۈزىۋەتكەنلەر باشقا تۇمار ئىزدەيدۇ. سەن ئۇنىڭغا ياخشى قارا، ئاللاھ نى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان بىر قەلب سېنى يولدىكى پۈتۈن خەتەردىن ساقلايدۇ.

روزىدار: ئۇنداقتا بۇ ئۇزۇن سەپەردە ماڭا كىم يولباشلىغۇچى بولىدۇ؟

رامىزان: بىر كېچىسى مەندىن ئۆزىگە ۋەھيي كەلگەن، ئالەملەرگە رەھمەت بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يولباشچىڭدۇر. ئۇ بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ئىز قالدۇرۇپ كەتتى، دەيسەن؟ ئەلۋەتتە، سىراتىل مۇستەقىيم ئۈستىدە ماڭماقچى بولغانلار مېنىڭ ئىزىمدىن ماڭسۇن، دەپ ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپ باشقا يولباشچى ئىزدەش ئەقىلگە زىيان.

روزىدار: بۇ ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك يولدا ئۆزۈمنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىمەن؟ قولۇمدا ھەزرىتى مۇسانىڭكىدەك ھاسام يوق، قېيىنچىلىقتا قالغاندا كۆرسىتىدىغان بىر كارامىتىم بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى.

رامىزان: كاللاڭ يەنە ئېلىشىپ كېتىپتۇ. ئەڭ چوڭ كارامەت ئىستىقامەت ( توغرا يول ). بۇنىڭدىن باشقا كارامەت ئىزدىگۈچىلەر، كەرىم بولغان ئاللاھ نىڭ ئۆزلىرىنى « كەرىم » قىلىپ ياراتقانلىقىنى؛ ئاندىن بىر پەرىشتە ئارقىلىق كەرىم بىر ئەلچىگە كەرىم بىر كىتابنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەر. بۇنچە كارامەت يەتمەمدۇ؟

روزىدار: ئۇنداقتا قولۇمغا ھېچ بولمىسا بىر يول خەرىتىسى بەرگەن بولساڭ، ئېزىقىپ قالغاندا ئۇنىڭغا قارايتتىم.

رامىزان: قۇرئان قولۇڭدا تۇرۇپ مەندىن يەنە يول خەرىتىسى سوراۋاتامسەن؟ قارىغاندا سەن مېنى چۈشەنمىگەن ئوخشايسەن. مەندە روزا تۇتۇپسەن، لېكىن

بۇنىڭ نېمىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمەي قاپسەن. خوش، ئاللاھقا ئامانەت.

روزىدار يالۋۇرۇپ: مېنى تاشلاپ كەتمە ئەي رامىزان! مېنى تاشلىۋەتمە! بىر يىلنىڭ كىرىنى، باسقان داتلىرىنى سەن ئارقىلىق يۇيۇپ تازىلايتتىم. سەن كېتىپ قالساڭ مېنى كىم پاكلايدۇ؟

رامىزان: ساڭا بىر سىر دەپ بېرەي، ئۆمرۈڭنىڭ جىمى ئايلىرى رامىزان بولسۇن. ۋەھيي مەندە نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن مۇبارەك بولدۇم، ئايلارغا سۇلتان بولدۇم. سەنمۇ تىرىشقىن، ۋەھيي سېنىڭ قەلبىڭگە ۋە ھاياتىڭغا نازىل بولسۇن، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش مۇبارەك بول. ۋەھيي مېنىڭ غايەم، ۋەھيينىڭ غايىسى سەن ( سەن ئۈچۈن نازىل بولدى ). سەندىكى مەسىلە ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەي قالغانلىق، يەنى ئۆزۈڭنى تونۇماي قالغانلىقىڭ، سەن ئۆزۈڭنى تونۇپ يەتكىن!

روزىدار رامىزاننىڭ سۆزىگە قايىل بولدى.

روزىدار رامىزانغا ۋەدە بەردى.

روزىدار رامىزانغا « شاھىتىم بولغىن » دېدى.

رامىزان شاھىت بولدى.

ھايات شاھىت بولدى.

ئاللاھ شاھىت بولدى.

روزىدار: بىز بۇ جاھانغا ساھىب بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، شاھىت بولۇش ئۈچۈن كەلدۇق.

## ئۆمرى رامىزان بولغان كىشىنىڭ ئاخىرىتى ھېيت ـ بايرام بولىدۇ

رامىزان بەزىلىرىمىزنى خۇش ھالدا، بەزىلىرىمىزنى بوش ھالەتتە تاپتى .

رامىزان بوش ھالەتتە تاپقانلىرىنىڭ ئىچىنى توشقۇزاتتى، ناخۇش بولغانلارنى خۇشال قىلاتتى، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلاتتى، لېكىن بەزىلىرىمىز رامىزاننىڭ ئۆزىمىزنى تولدۇرۇشى ئۈچۈن قەلبىمىزنى ئاچمىدۇق. رامىزاننىڭ ئىپار ھىدىغا ئۆزىمىزنى تاپشۇرمىدۇق، زېھنىمىزنى رامىزانغا يۈيدۇرمىدۇق .

قەلب ئىشىكىنى ئاچمىغانلارنىڭ بەلكىم بىر ئۆزرىسى باردۇر. ئىچى ئەخلەت ساندۇقىغا ئايلىنىپ قالغان بىر قەلبكە « سۇلتان » قېنى مەرھەمەت، دېگىلى بولاتتىمۇ؟ شۇنداق قەلبلەر ئىدىكى، خۇددى دېڭىزنىڭ تېگى ئوخشاش بولۇپ نېمە ئىزدىسىڭىز بار ( خۇددى ئەخلەت مەيدانى ). تۈرلۈك ـ تۈرلۈك دۇنيالىقلار، كونىراپ كەتكەن سەۋدالار، تىتمۇتىت بولۇپ كەتكەن ھەۋەسلەر، ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئارزۇلار، گۇناھلار تامچىلىغان يەرنى قارايتىۋاتقان داغلار. . . شۇنداقتىمۇ ئېچىشى كېرەك ئىدى قەلبلىرىنى. ئايلارنىڭ سۇلتانىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بولمىسىمۇ، كىرلەنگەن قەلبلىرىنى پاكلىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئېچىشى كېرەك ئىدى .

رامىزاننىڭ مىسكى ئەنبەر كەبى ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى ھىدىغا ئۆزىنى تاپشۇرمىغانلار، كىم بىلىدۇ، ئەس ـ ھوشىنى تاپالماي قالغاندۇ بەلكىم. باشقىلارنى ۋە نەرسىلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئادرېسىنى، ئىسىم كارتىنى

ساقلاپ قويدى، ئەمما ئۆزىنى ئىزدىگەندە قانداق تاپىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمىدى. ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقتىن، ئەس ـ ھوشىغا كېلىشتە قىينالدى .

زېھنىنى رامىزانغا يۆيغۇزمىغانلار، « ئەقىل روزا تۇتمايدۇ » دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئەقىلمۇ خۇددى قەلب، كۆز ـ قۇلاق، تىل ۋە لەۋ، قول ـ پۇتقا ئوخشاش روزا تۇتىدۇ. ئەمما ئۇلار، روزىنى « ئاشقازاننى باشقۇرۇش » دەپ ئويلاپ قالدى .

كۆڭۈل ئىشكىنى رامىزانغا ئاچقانلار، رامىزاننىڭ پۈتۈن ئىھتىشامى بىلەن كېلىپ تەخت قۇرغانلىقىنى كۆردى. مېھمان ئۇن بەرىكەت بىلەن كېلىپ، بىرىنى يەپ توققۇزىنى ساھىبخانغا قويۇپ كېتىدۇ. رامىزان سۇلتانى مىڭ بەرىكەت بىلەن كەلدى، ھېچنەرسىنى يېمەي ھەممىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى .

ئۇنى ياخشى كۆرگەنىدۇق، خۇددى جەننەتتىن كەلگەن بىر بادى سابا، بىر سەھەر شامىلى ئىدى ئۇ. كۆڭلىمىزنى سۆرۈنلەتتى ۋە قايتىپ كەتتى. گويا « جەننەتتىن كەلگەن جەننەتكە قايتىدۇ » دېگەندەك قىلاتتى. ھەر نەرسە ئەسلىگە قايتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ خۇددى «ئەي ئىنسان! سېنىمۇ سۈرگۈن قىلىنغان ماكانىڭ جەننەتكە چاقىرىمەن » دېگەندەك قىلاتتى. يەنە « ئەي ئىنسان، مەن ھەر يىلى سەن سۈرگۈن قىلىنغان جەننەتنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دەپ كېلىمەن » دەۋاتقاندەك ئىدى. يەنە « شۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا باغلارغا، باغچىلارغا، باھارغا، گۈل ـ چېچەكلەرگە، ئورمانلارغا، دەريالارغا، شارقىراتمىلارغا قارىغان ۋاقتىڭدا ھېس قىلغان تۇيغۇلىرىڭ، ئەسلىدە تۇنجى كۆز ئاغرىقىڭ جەننەتكە بولغان سېغىنىشىڭ بىر پارچىسى. مەن مانا بۇنى ساڭا ھېس

قىلدۇرۇش، ئادەم ئاتاڭدىن مىراس ئالغان بۇ پۇراقنى ساڭا ئەسلىتىش ئۈچۈن كەلدىم » دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

مانا ئەمدى ئۇ كېتىۋاتىدۇ، سۇلتان ئەلۋىدا! دەۋاتىدۇ.

روزىنى پەقەت ئاشقازىنى بىلەنلا ئەمەس، قەلبى بىلەن تۇتقانلار، بۇ كېتىشكە قەلبتىن ئىنكاس قايتۇرسۇن. روزا تۇتقان، تۇتۇپ قويۇپ بەرگۈسى كەلمىگەن ھەر قەلبكە، روزا ئېلىپ كەلگەن بەرىكەتنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ بەرىكەت سۇلتانلارنىڭ ھەدىيەسى ئىدى. بۇ بەرىكەت، ئەگەر قەدرىگە يېتىلگەندە، بىر يىلنى رامىزان قىلىشقا يېتىدۇ. رامىزان پەقەت بىر ئايلا بولمايدۇ، رامىزان ھەر ئاي بولىدۇ. رامىزان باھارنىڭ كۈچى كۆڭۈل كۈزىنى، قىشىنى، ياز پەسلىنى، قىسقىسى ھەر پەسىلنى دائىمىي بىر باھارغا ئايلاندۇرىدۇ .

ھەر رامىزاننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئۆمرى رامىزان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. رامىزاننىڭ قايتا ـ قايتا كېلىشىمۇ، ھاياتنى باشتىن ـ ئاخىرى رامىزان قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ھىجرى كالېندارى بويىچە يىلدىن ـ يىلغا ئايلىنىپ كېلىشى، زاماننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈن. بۇ خۇددى ئارقىدىن يەر يۈزىنى قاپلىغان ئەزان ۋە نامازغا ئوخشايدۇ. زاماننى مۇھاسىرە قىلغان رامىزان ھاياتقا ئايلىنىدۇ، يەنى ھايات رامىزان بولىدۇ .

رامىزاننىڭ سەۋەبى ۋەھىي، ۋەھىينىڭ سەۋەبى ئىنسان. رامىزان ۋەھىي ھۆرمىتىگە، ۋەھىي ئىنسان ھۆرمىتىگە نازىل بولغان. رامىزان ۋەھىينىڭ لىباسى، ۋەھىي رامىزان لىباسىنى كىيگەن ۋۇجۇددۇر. بۇ بەدەننىڭ روھى نېمە؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ئىنساندۇر، دەيمەن .

ۋەھىي نازىل بولغان كېچە بىر ئۆمۈرگە تەڭ كېلىدۇ ( مىڭ ئاي ـ 83 يىلغا تەڭ كېلىدۇ ). ۋەھىي نازىل بولمىغان بىر ئۆمۈر بىر كېچىگە: ھەبا بولغان، ئىسراپ قىلىنغان بىر ئۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋالدا رامىزانغا ئايلانغان بىر

ئۆمۈرنىڭ نېمىگە لايىق بولىدىغانلىقىنى سوراشنىڭ هاجىتى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە، جەننەتكە لايىق. هېيت ، مانا بۇنىڭ مۇكاپاتىدۇر. هېيت ، قەلبىنىڭ بۇرنىغا جەننەتتىن بىر پۇراقنىڭ يەتكەنلىكىنى ئۇرۇلۇپ ئۆتۈشىدۇ .

بۇ كۈنلەردە پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى مۇنداق بولسا كېرەك: ئۆمرىڭىز رامىزان، ئاخىرىتىڭىز هېيت ـ بايرام بولسۇن!